ئەخەت ھاشىم

# باھار مايسىلىرى

(ھېكايىلەر)

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

2

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەخەت ھاشىم

# باھار مايسىلىرى

(ھىكايىلەر)

مەسئۇل مۇھەررىرى: غوجەك خۇداۋەردى

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

مەسئۇل كوررېكتور: ئىبراھىم مۆمىن


باھار ھايسىلىرى

*

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9 - قورا)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
غۇلجا شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3·25
1983 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: MR10124·41
سانى: 1 — 6·300
باھاسى: 22 پۇڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نەشرىياتتىن

يولداش ئەخمەت ھاشىم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تىرىشىپ ھەر خىل ژانىردا ئەسەر يېزىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى بالىلار ھەققىدىكى ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ.

1980 - يىلى ئۇ توپلاپ رەتلىگەن «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى نەشر قىلىندى. 1981 - يىلى يەنە ئۇنىڭ بالىلارغا ئاتاپ يازغان «بودۇنە بىلەن سېغىزخان» ناملىق چۆچەك ۋە مەسەللەر توپلىمى نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

قولۇڭلاردىكى «باھار مايسىلىرى» ناملىق بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ بالىلار ھەققىدە يازغان بىر قىسىم ھېكايىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ توپلامدىكى ھېكايىلەر تېما جەھەتتە خىلمۇ - خىل، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپقا ئىگە بولۇپ، يېڭى دەۋرىمىزدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالىلارنىڭ ئوبرازى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان، بۇ ھېكايىلەر بالىلارغا ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئەمگەكنى سۆيۈش، تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ.

## مۇندەرىجە

كىچىك قول قاناتلار ........................................ 1
چېگرا بۆركۈتى ........................................ 10
قارىغاي ۋە سوگەت........................................ 28
خانقىزلارنىڭ كوماندىرى ........................................ 34
"بۆزغۇنچى" ........................................ 46
„شەيتانچاق„ ھەققىدە ھېكايە ........................................ 63
يالغان ئاغرىقنىڭ راستتا ئايلىنىپ قېلىشى ............... 76
ئۇقۇشماسلىق (ئېلمىي چۆچەك) ........................................ 91

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىچىك قول ـ قاناتلار

كەچكى قۇياش ئىگىز تاغلار كەينىگە مۆككەن. قىشلىق ئۆيقۇدا ياتقان چەكسىز ئېتىز ـ دالا ئۈستىدىكى ئاپپاق قارلار كەچكى شەپەق تەپتىدە چوغدەك تاۋلىنىپ كەتكەن ئىدى. قىشنىڭ ئاچچىق سوغىغى كۈن كەچ كىرىش بىلەن تەڭ يەنە ئەدەشكە باشلىغان ئىدى.

ئەتىگەندىن بۇيان مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى كونا قوتاندىن ئۇغۇت چىقىرىپ قايتقان بىر توپ ئاياللار بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي كۈلكە ـ چاخچاقلار بىلەن كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاياللارغا خاس جاراڭلىق ئاۋازلىرى يىراق ـ يىراقلاردا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. گۆرجەكنى مۈرىسىگە سالغان 45 ياشلار چامىسىدىكى بەستلىك، تېتىك ئايسىخان ئانا باشقا ئاياللاردىن 10 ـ 5 قەدەم ئالدىدىراق كېتىپ باراتتى. ئىككى ئۈچىنى ئىڭىكى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ بېشىغا چېگىۋالغان يېشىل ياغلىقىنىڭ مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بىر ئۇچى ئۇنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ لەپىلدەپ تۇراتتى.

— ھۇيت ئايسىخان ئاچا! نىمە ئانچە كەچ قالغان بازارچىدەك

شاپاشلاپ ماڭىلا، ئاستىراق ماڭسىلا دەيمەن! — ئاياللاردىن بىرسى چاخچاق قىلىپ ۋاقىراپ قويدى.

— ئالدىرىمىغان بىلەن بولمايدۇ، خېنىملار، — دىدى ئايىسخان ئانا كەينىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ۋە توختىماي كېتىۋەردى.

ئانىنىڭ دىگىنى توغرا، ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى بار - دە! «4 ئاپەت» يوقىتىلغاندىن كېيىن دىخانلارنىڭ ھاياتىدا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. يېقىندا داڭۇيدىكى قاۋۇل ئەر - ئايال ئەزالار نەچچە يىللاردىن بۇيان قىلالمىز دەپ زادىلا قىلالماي كېلىۋاتقان مۇھىم بىر ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ئۆزلۈگىدىن ئاتلاندى. ئايىسخان ئانىنىڭ ئائىلىسىدىنمۇ ھەسەن ئاكام باشلىق 5 كىشى بۇ جەڭگە قاتنىشىۋاتىدۇ. بۇلار ھەملى ئىشتىن كېلىدۇ، ئۆيگە بالدۇرراق بېرىپ ئوت قالاپ، ئىسسىق تاماق تەييارلاپ تۇرسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئايىسخان ئانا ئۆيى تەرەپكە قايرىلغاندىن كېيىن چىغىر يولدا كېتىپ بېرىپ ئويلىدى، راست، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى بولۇۋاتقاچقا، سۇ ۋاقتىنچە توختىغان. ئىچىدىغان سۇنى سايدىن ئېلىپ كېلىدىغان گەپ، ئوغلۇم تۇرسۇن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، بۇ چاغقىچە سۇ ئېلىپ كېلىپ ئۆينى ئىسسىتىپ ئولتۇرغاندۇ...

ئانىنىڭ كوز ئالدىغا كۈلۈپ تۇرىدىغان، زىرەك ئوغلى تۇرسۇن كەلدى - دە، كوڭلى سويۇنۇپ كۈلۈمسىرىدى، ئۇ خىيال سۈرگىنىچە ھويلىغا كىرىپ، ئىشىكتىكى قۇلۇپنى كوردى - دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرگەن ئىدى، ئوچاقتا ئوتمۇ قالانماپتۇ، كۈپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، كۈپنىڭ تېگىدە ئازغىنا سۇ تۇرۇپتۇ!

— خەپ توختاپ تۇر، ئويۇنغا تويمايدىغان بەڭۋاش! — دەپ خاپا بولغان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ئانا، — بىردەم تۇرۇپ



داداڭ، ئاكىلىرىڭمۇ قايتىپ كېلەر، سېنىڭ بىلەن تۈزۈك سوزلىشىپ، ئەدىۋىڭنى بەرمەيدىغان بولسام! بىز نىمە ئويىدا، سەن نىمە كويىدا؟ خەپ توختاپ تۇر!...

ئايىسخان ئانا ئوچاققا ئوت قالىۋېتىپ، پىچاقنى ئېلىپ چامغۇر ئاقلاشقا كىرىشتى، ئۇنىڭ بۈگۈن ئوغلى تۇرسۇننى «بەڭۋاش» دەپ ئەيىپلىشى، خاپا بولۇپ كېتىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانلىقىدىن بولدى. ئەمەلىيەتتە تۇرسۇن ئۇنداق «بەڭۋاش» بالىلاردىن ئەمەس، مەكتەپتە ئۇ پىئونېرلار ئوتتۇرا ئەترىدىنىڭ ئەترەت باشلىقى، ھەممە ۋاقىت كوللېكتىپنى ئويلايدىغان، ئەمگەكچان، ئەلاچى ئوقۇغۇچى، مەكتەپتىلا شۇنداق بولۇپ قالماي، ئەزالار ئارىسىدىمۇ «يۇۋاش، ئاق كوڭۇل، ئىبدان بالا» دىگەن نامى چىققان. ئەترەتتىكى بالىلارمۇ ئىختىيارىي ھالدا ئۇنى ئوزىنىڭ باشلامچىسى قىلىۋالغان. ئۇ يېقىندىن بېرى ئەترەتتىكى دوستلىرىنى لېي فېڭ تاغىدىن ئوگىنىشكە تەشكىللەپ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەقىللىق ئوبدان بالا بۈگۈن ئويگە سۇ ئېلىپ كىرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىپ ئويناپ يۈرەرمۇ؟

× ×

بۈگۈن تۇرسۇن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىنلا دوستلىرى بىلەن ئوغۇت توپلاشقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. كۈن ئولتۇرۇۋاتقاندا ئۇلار ئاخىرقى سىۋەتنى تولدۇرۇپ كېلىپ ئوغۇت ئورنىغا توكتى. تۇرسۇن دوستلىرىنىڭ توپلىغان ئوغۇت سانىنى خاتىرىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇدۇل ئويىگە كەلدى - دە، چېلەكنى كوتىرىپ سۇغا ماڭدى. ئۇ مەھەللە ئىچىدىكى چوڭ يولدىن بۇرالغاندا، چېلەك كوتىرىپ كېلىۋاتقان ماخوچى ساۋۇر ئاكامنى كورۇپ توختىدى.

— ساۋۇر ئاكا، ماخوغا سۇ لازىم بولۇپ قالدىمۇ؟

www.uyghurkitap.com



— ياق بالام، ماخوغا سۇ كېرەك بولۇپ قالمىدى، مەڭـ
لىخان مومايىنىڭ سۈيىنى ھەر كۈنى ئوغلۇم ئېلىپ كېلىپ بېرىپ
تۇرغان ئىدى. ئەتىگەن ئۇستەڭدىكى ئىشىڭغا كېتىۋەر،
سۈنى مەن ئېلىپ كېلىپ بەرسەممۇ بولىدۇ، دېدىم، ھازىر شۇ مو-
مايغا سۇ ئېلىپ كېلىپ بېرەي دەپ كېتىۋاتىمەن، ئوغلۇم.

تۇرسۇن ئەمدىلا ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. مەڭلىخان موماي «5 تە كاپالەت ئائىلە». مۇنداقلاردىن ئەترەتتە جەمى 4 ئائىلە بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كونا جەمئىيەتتە تىرىكتاپ پومىشچىكلارغا ئىشلەپ ئازاپ چەككەن، بالا - چاقىسى يوق كىشىلەر، بۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئەترەت رەھبەرلىكى ۋە كوپچىلىك ئەزالار غەمخورلۇق قىلىپ كېلىۋاتقان ئىدى...

تۇرسۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر دەم خىيالغا كەتتى، بۇنداق ئىش نېمىشقىمۇ يادىمىزغا كەلمىگەندۇ؟ ئىلگىرى بۇلارنىڭ ھا-لىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغان ئاكا - ھەدىلىرىمىز ھازىر ئۇستەڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئالدىراش. بۇ شەرەپلىك ئىشنى بىز قىلساق بولمامدۇ؟ ھەي... ئېسىمىزگە كەلمىگىنىنى قاراڭلار!...

— ساۋۇر ئاكا، سىز بارماڭ، -- دېدى تۇرسۇن خۇشال كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە ساۋۇر ئاكىغا يېلىنغان ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى، - ماخودىكى ئىشلىرىڭىزمۇ بەك ئالدىراش، بۇ ئىشنى بىزگە بېرىڭ ئۇلارغا سۈنى بىز ئېلىپ بېرەيلى.

— ياق بالام، سىلەرمۇ ئوقۇت يىغىۋاتىسىلەر، تاپشۇرۇقلى-رىڭلارنى ئىشلىمىسەڭلار يەنە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ ئېلىپ كېلىدىغان يەر يىراق، جاپا تارتىپ قالىسىلەر.

— مۇشۇنچىلىك ئىشتىن قورقساق، قانداقمۇ لېيى فېڭ تاغىمىزدىن ئۆگىنەلەيمىز؟ بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ «5 تە كا-پالەت ئائىلە»لەرنىڭ سۈيىنى بىز بالىلار ھۆددىگە ئالىمىز!

ساۋۇر ئاكام تۇرسۇننىڭ مىجەزىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ شاكىچىك ئەزىمەتنى يالتايتىش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس! قانداق قىلىش كېرەك؟ توغرا، بۇمۇ باللىرىمىزنى چېنىقتۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، ئۇلارمۇ ئاز-تولا جاپا تارتىپ ئۆزىنى چېنىقتۇرسۇن!...

— بولۇپتۇ بالام، پىكرىڭگە قوشۇلىمەن. قېنى سىناپ كۆرۈڭلار! — دېدى ساۋۇر ئاكام.

خۇشاللىقتىن قېن-قېنىغا پاتماي كەتكەن تۇرسۇن مەھەللە تەرەپكە قاراپ خۇددى تايچاقلاردەك يۈگۈردى. ئۇ كوۋرۇكنىڭ يېنىدىكى يوغان قاپاق تېرەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سوزۇپ-سوزۇپ ئۈچ قېتىم ئىسقىرتتى. كىمنىڭ ۋە نېمە ئۈچۈن ئىسقىرتىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ دوستلىرى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا تېخى بايىلا ئۆيلەرگە كىرىپ كېتىشكەن شاكىچىك ئەزىمەتلەردىن 10 نەچچىسى تەرەپ-تەرەپتىن يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى ۋە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي چۇۋۇرلاشقىلى تۇردى:

— نېمە ئىش بولدى تۇرسۇن؟

— موكو-موكولەك ئويىنامدۇق؟

— ........

— ياق ئاغىنىلەر، مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى، — تۇرسۇن ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى، — بىز تازا مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىپتۇق. ئەترىتىمىزدىكى ئاكىلىرىمىز ۋە ھەدىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇستەڭ قۇرۇلۇشىدا جىددى جەڭ قىلىۋاتىدۇ. „5 تە كاپالەت ئائىلە“ لەردىن بىز خەۋەر ئېلىپ تۇرمىساق بولامدۇ؟ ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوغۇتنىمۇ يىغايلى، ئۇلارغا سۇ ئېلىپ كېلىپ بېرىشنىمۇ بىز ئۈس-



تىمىزگە ئالايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئۆيىمىزگە سۇ ئېلىپ بارايلى، قانداق دەيسىلەر؟

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى! — دېيىشتى بالىلار تەڭلا ۋاقىرىشىپ.

شۇنىڭدىن كېيىن كىمنىڭ قايسى ئائىلىگە سۇ ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كېلىشىۋالدى. تۇرسۇن ئۆيى ئەڭ يىراق ھاپىز بوۋايغا سۇ ئېلىپ كېلىپ بېرىدىغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدىن چېلەكلىرىنى ئېلىپ چىقىشىپ، چىرايلىق تىزىلدى-دە، ناخشا ياڭرىتىپ ساي تەرەپكە كېتىشتى...

ئۇلار بىر يولدىن سۇنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان ئۆيلەرگە قۇيۇپ بەردى. ئىككىنچى قېتىمقىسىنى ئېلىپ كېلىۋاتقاندا گۈگۈم چۈشۈپ قالغان ئىدى. مەھەللىگە ئاز قالغاندا، ئالدىدا كېتىۋاتقان ھېمىت تۇساتتىن „پالاققىدە“ يىقىلىپ چۈشتى، چېلىكىدىكى سۇ پۈتۈنلەي تۆكۈلدى.

— بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ؟ — تۇرسۇن چېلىكىنى قويۇپ يۈگۈرۈپ كېلىپ دوستىنى يۆلىدى.

— ياق ھېچنېمە بولمىدىم، — ھېمىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى. دوستلىرىمۇ تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق بالىلار، بۈگۈن ئۆزىمىزمۇ سەل كەچ قالدۇق، ئەتە بۈگۈنكىدەك كەچ قالمايمىز، — دېدى تۇرسۇن ۋە ھېمىتنىڭ: „بولدى، مەن بۈگۈن ئۆيۈمگە سۇ ئېلىپ بارمىساممۇ بولىدۇ، ئۆيدە سۇ بار“ دېگىنىگە ئۇنىماي ئۆز چېلىكىدىكى سۇنى ئۇنىڭ چېلىكىگە قۇيۇپ بەردى-دە، ئۆزى يەنە سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سايغا قاراپ يۈگۈردى. بۇ چاغدا خېلىلا كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ، ئۇستەڭدىن قايتىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ناخشىلىرى ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى...

× ×

تۇرسۇن ئۆيگە ھاسىراپ - ھومۇدەپ بىر ئەپكەش سۇنى كۆتىرىپ كىرىپ كەلدى. دادىسى، ئاكا ۋە ھەدىلىرى ئاللىقاچان ئىشتىن قايتىپ كېلىپ بولغان ئىدى. كىچىك ئاكىسى كېرەملا كۆرۈنمەيتتى. تۇرسۇن ئانىسىغا قاراپ قويۇپ، چېلەكتىكى سۇنى كۈپكە قۇيۇشقا باشلىدى.

— يەنە بىر دەم ئويناپ كىرسەڭ بولماسمىدى؟ — دېدى ئانىسى تۇرسۇنغا ئاچچىقى بىلەن ھومىيىپ ۋە تۇرسۇننىڭ دادىسىغا قاراپ سۆزلەپ كەتتى، — دادىسى، بۇنىڭ نەلەردە ئويناپ يۈرگەنلىكىنى ئوبدانراق سۈرۈشتۈرسىلە، بۇنى ئوبدانراق ئۇچۇقلىمىسىلا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. پىئونېرلار ئەترىدىنىڭ باشلىقى تۇرۇپ قىلغان قىلىقىنى قارىسىلا. «مەن ئالدىرايمەن كەتكىلى، ئىشىگىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى» دەپ، بىز نېمىگە ئالدىراۋاتىمىز، بۇ نېمىگە ئالدىراۋاتىدۇ؟!

ھەسەن ئاكام بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئومەللەۋاتاتتى، ئۇنىڭغىچە تاشقىرىدىن ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن كېرەم ھە دەپ ئۇكىسى تۇرسۇننى ماختاشقا باشلىدى:

— يارايسەن ئۇكام! بىزنىڭ بالىلىرى سېنىڭدەك بولىدىغان بولسا، ھەر قانداق ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالايمىز. لېي فېڭ تاغىدىن ئۆگەنگىنىڭنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپسەن، ياشاپ كەت ئۇكام!..

ئايسىخان ئانا ئوغلى كېرەمنىڭ گەپلىرىگە چۈشىنەلمەي ئاغزى ئېچىلغان پېتى قاراپلا قالدى.

— ئوغلۇم، — دېدى ھەسەن ئاكامۇ ھەيران بولۇپ، — سەن ئۇكاڭنى ئاغزى - ئاغزىڭغا تەگمەي ماختاۋاتىسەن، ئاناڭ ئۇنى



ئويۇنچى بولۇپ كەتتى دەپ ئەيىپلەۋاتىدۇ. زادى قايسىڭلارنىڭ گېپى راست، ھېچنېمىنى چۈشەنمەي قالدىمغۇ؟

— ئانا، — دېدى كېرەم كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — سەن ئۇكامنى نېمە دەپ ئەيىپلەۋاتىسەن؟ ئۇنىڭ بۈگۈنكى قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئوخشىمامسەن؟

ئايسىخان ئانا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ بىر كېرەمگە، بىر تۇرسۇنغا قاراپ:

— نېمە ئىش قىلىپتۇ؟ — دەپ تۇرۇپ قالدى.

كېرەم چاپانلىرىنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بايا ئىشتىن كېلىپ ئۆيگە كىرمەيلا ھاپىز بوۋايغا سۇ ئېلىپ كېلىپ بېرىش ئۈچۈن بارسا، بالىلارنىڭ ئاللىقاچان ئېلىپ كېلىپ بېرىپ بولغانلىقىنى ۋە ماخۇننىڭ ئالدىدا ساۋۇر ئاكام ئۇچراپ قېلىپ، تۇرسۇننىڭ بۈگۈن بالىلارنى تەشكىللەپ قىلغان بەلەن ئىشلىرى توغرىسىدىكى ماختاشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بەردى.

ئايسىخان ئانا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ، تۇرسۇننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— جېنىم بالام، مەن سېنى بىكاردىن - بىكار، ئورۇنسىز ئەيىپلەپتىمەن. مېنى كەچۈر قوزام. بەكمۇ بەلەن ئىش قىلىپسەن! — دېدى ۋە ھاياجانلانغان ھالدا ئۇنىڭ تېخى تەرى قۇرۇمىغان ماڭلىيىغا سۆيدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تۇرسۇننىڭ ئوماق چىرايىغا زوقلىنىپ قاراپ قېلىشتى...

1977 - يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com

# چېگرا بۈركۈتى

مەن بۇ يىل خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ھەيۋەتلىك ئىلى دەرياسىنى بويلاپ يىراق چېگرىلاردا زىيارەتتە بولدۇم، بۇ جەرياندا چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى ۋە دېھقان - چارۋىچىلاردىن ئاجايىپ تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم، بولۇپمۇ كىشىلەر «چېگرا بۈركۈتى» دەپ نام قويۇۋالغان 14 ياشلىق پىئونېر غەيرەت توغرىسىدىكى ھېكايە مېنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. بۇ ھېكايىنى ماڭا ئاخشام چېگرا مۇداپىئە جامائەت خەۋپسىزلىك پونكىتىنىڭ باشلىقى ئورازبېك سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. بۈگۈن ئىككىمىز ئاشۇ غەيرەتنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ پۈتۈشكەن ئىدۇق. ۋەدە بويىچە مەن پونكىتقا كەلسەم، ئورازبېك پونكىتتىكىلەر بىلەن يۇقۇرىغا يوللىنىدىغان مۇھىم بىر ماتېرىيالنى مۇزاكىرە قىلىۋېتىپتۇ، شۇڭا بىردەم كۈتۈشكە توغرا كەلدى.

مەن بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ياپ - يېشىل چىملىق دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتىم - دە، خىلمۇ - خىل گۈللەرگە تولۇپ كېلىۋاتقان پايانسىز ئوتلاقلارغا قاراپ خىيالغا كەتتىم. غەيرەت ھەققىدىكى ھېكايە ئىختىيارسىز خۇددى كىنو لېنتىسىدەك يەنە



كوز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى ...

× ×

پاكار - پاكار قومۇشلۇقلار ئارىسىدا يالغۇز بىر ئۆي چوخچىيىپ تۇراتتى. ھويلىدا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان غەيرەت كالىلارنىڭ مورەشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى - دە، دەپتەر - قەلەملىرىنى يىغىشتۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. كەچكى شەپەق كەڭ دالىنى چوغدەك قىزارتىۋەتكەن ئىدى.

غەيرەتنىڭ دادىسى قاسىم ئاكا 45 ياشلاردىكى تەمبەل ئادەم بولۇپ، دۈينىڭ كالىسىنى باقاتتى. تويۇنۇپ قوساقلىرى دومباقتەك چىقىپ كەتكەن كالىلار ئۇدۇل قوتانغا قاراپ مېڭىشتى، لېكىن بەزى موزايلار سەكرەپ شوخلۇق قىلىشىپ، ھەر تەرەپكە قېچىشاتتى. غەيرەت ئىسقىرتىپ يۈرۈپ ئۇلارنى ھەيدەپ قوتانغا سولىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! قانداق ئەھۋالىڭلار؟

خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك ناتونۇش بىر كىشى ئۈشتۈمتۇت قوتاننىڭ ئارقىسىدىن ئايلىنىپ كېلىپ، قاسىم ئاخۇن بىلەن سالاملاشتى.

دادا - بالا ئىككىيلەن ئوتتۇرا ياشلىق، ئوتتۇرا بوي، كادىرسىياقىتىكى بۇ ئادەمنىڭ بېشىدىكى كەپكىسىگە، قولىدىكى كىچىككىنە سومكىسىغا ۋە ئۈستىۋاشلىرىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشتى.

— ۋاھ، بۇ يەردە ئۆيلەر بەكمۇ شالاڭ ئىكەنغۇ! سىلەرنىڭ بۇ جايىڭىزغا يېتىپ كەلگىچە خېلى جىق يول مېڭىپ كېتىپتىمەن، — دېدى ئۇ كىشى كۈلۈپ.

— ئۈزۈڭىز كەم بولسىز، نەدىن كېلىۋاتىسىز؟ — قاسىم ئاخۇن قوتاننىڭ غورۇسىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى.

— دەريا بويىدىن كېلىۋاتىمەن ئاكا، — ئۇ سىپايىلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى، — بىر چاغلاردا ئۆيىدىكىلەردىن مۇشۇ ئەتراپتا بىر تۇققىنىمىز بار دەپ ئاڭلىۋىدىم، شۇنى ئىزلەپ باقاي دەپ، ئۇياق - بۇياقنى ئايلانغاچ يىراقلاپ كېتىپتىمەن، ئاخىرى ئۇلارنىمۇ تاپالمىدىم، ھېچكىممۇ بىلمەيدىكەن.

— تۇققىنىڭىز كىم ئىدى، ئىسمى نىمە؟

— ھە، ئىسمىنى ئابدۇللا دىدىمۇ ... ئىش قىلىپ ئۇزەممۇ تازا بىلمەيمەن. مۇشۇ يەردە — گۈگۈشىدا ئىشلەيدۇ دىگەن ئىدى. ئىسمىنى ئېنىق بىلمىگەندىن كېيىن ئۇنى بەك ئىزلەپمۇ كەتمىدىم. ئۇزەمچە ئۆي تامىغىنى سېغىنىپ قېلىپتىمەن ئاكا، بىرەر ئۆيگە كىرىپ تاماق ئەتكۈزۈپ يەي دەپ، ماڭا - ماڭا ئاخىرى مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. ئەمدى كەچ كىرىپ قالدى، قايتىپ كېتەلمەيمەن، بۈگۈن سىلەرنى ئاۋارە قىلدىغان بولدۇم - دە، ھى - ھى ...

يېشىغا نىسبەتەن بەستلىك، يوغان كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان غەيرەت بۇ ئادەمنىڭ تاققا - تۇققۇ گەپلىرىدىن گۇمانلىنىپ، دادىسىنىڭ كوزىگە مەنىلىك قاراپ قويدى. قاسىم ئاخۇن نىملەرنىدۇ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ:

— بولىدۇ، قېنى ئۆيگە كىرەيلى، ئاندىن پاراڭلىشايلى، — دەپ مېھماننى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى.

بۇلار ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە مەڭگەننىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتقان ئالا ئىت «سەگەك»، ناتونۇش مېھمانغا قاراپ قاتتىق قاۋاشقا باشلىدى. غەيرەت قولىنى شىلتىغاندىن كېيىن



ئۇ، نارازى بولغاندەك غىڭشىپ قويۇپ جىم بولدى. ئۇنىڭغىچە غەيرەتنىڭ 8 ياشلىق ئۇكىسى تۇرسۇن ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ «سەگەك» نى نېرى ھەيدىۋەتتى.

ئۆيدە ئالدىراپ خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان غەيرەتنىڭ ئاپىسى ناتونۇش مېھماننى كورۇپ ھەيران بولدى - يۇ، لېكىن يەنە ئادەت بويىچە ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ تورگە تەكلىپ قىلدى.

مېھمان پاختىلىق چىبەرقۇت چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، تارتىنمايلا تورگە چىقتى - دە، بەدەشقىنىنى قۇرۇپ ئولتۇردى ۋە ئۆيدىكىلەر بىلەن ئەدەپلىك يوسۇندا يەنە بىر قېتىم تېچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن تاماكا ئوراپ ئولتۇرۇپ سوزلەشكە باشلىدى:

— سىلەر بەلكى «بۇ نىمە ئادەمدۇ؟»، دەپ مەندىن گۇمانلىنىۋاتقانسىلەر، ئەلۋەتتە گۇمانلىنىش كېرەك، — ئۇ ئاپپاق چىشلىرىنى كورسىتىپ كۈلۈپ قويدى، — چۈنكى بۇ يەر چېگرادە! خوپ، ئەمدى مەن سىلەرگە ئوزەمنى تونۇشتۇرۇپ ئوتەي، — ئۇ سەرەڭگە يېقىپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن توش يانچۇغىدىن خىزمەت كىنىشكىسىنى ۋە يوغان تامغىلار بېسىلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئالاقە قەغەزلىرىنى ئېلىپ قاسىم ئاخۇنغا ئۇزاتتى، — بۇ خىزمەت كىنىشكام ماۋۇ نامىيىلىك، ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن بەرگەن تونۇشتۇرۇشلار، ئاۋۇ ئىچكى چېگرا رايونلارغا بېرىش گۇۋانامەم...

غەيرەت دادىسى بىلەن يورۇققا كېلىپ، ھەممە ئالاقىلەرنىڭ تامغىلىرىغا، چىسلالىرىغا تەپسىلى قاراپ چىقىشتى. ھېچقانداق گۇمانلىق نەرسە سېزىلمىدى، ھەتتا كىنىشكىغا ئۇنىڭ سۈرىتىمۇ چاپلانغان ئىدى.

— خىزمەت ئورنىڭىز ئۈرۈمچىدە ئىكەن - دە؟ — قاسىم



www.uyghurkitap.com

ئاخۇن جايىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سورىدى.

— شۇنداق، ئۈرۈمچىدە بولغاندىمۇ يەنە كېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدە دېگىنا! — مېھمان مەغرۇرلانغان ھالدا كۈلۈپ قويدى ۋە كەڭ-كۇشادە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى غۇلجا شەھەر ئىچىلىك ئىكەنلىكىنى، كېسەل سەۋەۋى بىلەن غۇلجىغا دەم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، يېقىندا دەريا بويىغا دەم ئېلىشقا چىققانلىقىنى ناھايىتى تەپسىلى، ئالدىرىماي سۆزلەپ بەردى.

— دەريا بويىغا كەلگىنىڭىزگە نەچچە كۈن بولدى؟

— 15 كۈن بولدى. خېلى ئوبدان دەم ئېلىۋالدىم. ئەتە-ئۆگۈن شەھەرگە كىرىپ كېتىمەن. بېلىقنىمۇ پۇخادىن چىققىدەك يېدىم ئاكا، ئىلى دەرياسىدىن تۇتقان بېلىقنى شۇ سۇدىلا پىشۇرۇپ يېسە تاتلىق بولىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم، راست ئىكەن...

مېھمان شۇنچىلىك خاتىرجەم، شۇنچىلىك ئېچىلىپ سۆزلەيتتىكى، قىلچە گۇمانلىنىشقا ئورۇن يوق ئىدى.

— نېمە تاماق قىلىۋاتىسەن؟ — قاسىم ئاخۇن ئايىلىدىن سورىدى.

— لەگمەن.

خوشال بولۇپ كەتكەن مېھمان شۇ ھامان لەگمەننى تەرىپلەپ سۆزلەپ كەتتى:

— مەن كۈنىگە ئۈچ ۋاق لەگمەن يېسەممۇ زېرىكمەيدىغان ئادەم ئىدىم، مانا 10 نەچچە كۈندىن بۇيان لەگمەن بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكىدەك بولۇپ كەتتىم. ھەر قانداق تاماق لەگمەنگە يەتمەيدۇ ئاكا! ھا-ھا-ھا... — ئۇنىڭ تار پېشانە ۋە ياپيا قاپاقلىرى ئاستىدا پىلدىرلاپ تۇرغان كىچىك كۆزلىرى



كۈلكىدىن تېخىمۇ يوغىلۇپ كەتتى. نېمىلەرنىدۇ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرغان غەيرەت ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن بىر خىل سۇنئىيلىك ئالامىتىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن ئالىيىپ قويدى.

— ئوغلۇم، — دېدى قاسىم ئاخۇن غەيرەتكە قاراپ، — قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. كالىلارغا كېچىدە بېرىدىغان چۆپلەرنى تەييارلاپ قويغىنا!

غەيرەت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قاسىم ئاخۇن چىراقنى ياقتى. مېھمان خۇددى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك كېرىلىپ، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي پاراڭ سالماقتا ئىدى:

— بۇ يەردىكى دېھقان، چارۋىچى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھوشيارلىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. مەن جامائەت خەۋپسىزلىك ئورنىدا ئىشلىگەچكىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى بىر قاراپلا بىلىۋالدىم، بىرەر يات ئادەم ئۇچرىسا، چوڭلار تۇرماق بالىلارمۇ ناھايىتى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىدىكەن. بۇنىڭدىن بەك تەسىرلەندىم. چېگرا جايلاردىكى خەلق مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەر قانداق ھىيلىگەر دۈشمەنمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ-دە! — ئۇ تاماكىسىنى كەينى-كەينىدىن بىر نەچچىنى شوراپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن بۈگۈن سىلەرنىڭ ئۆيگە يېتىپ كەلگىچە بىر نەچچە يەردە سوراققا تارتىلدىم، ئۇچرىغانلا ئادەم خەت-ئالاقىلىرىنى بىرمۇ-بىر تەكشۈردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى خوشال قىلىدىغان ئىش، مەن قايتىپ ئۈرۈمچىگە بارغاندا باشلىقلىرىمىزغا ئالاھىدە دوكلات قىلىمەن!

— دادا، ماۋۇ يەرگە چىققىنا، بىر كالا يېتىۋېلىپتۇ، ئاغرىپ قالدىمۇ-نېمە؟ — سىرتتىن غەيرەتنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

قاسىم ئاخۇن ئالدىراپ سىرتقا ماڭدى. قوتانغا كىرىپ ھېچقانداق يېتىۋالغان كالىنى كۆرمىدى-دە، ئوغلىغا سوئال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەزىرى بىلەن قارىدى.

— دادا، — دېدى غەيرەت پىچىرلاپ، — بۇ ئادەمگە ئىشىنىپ كېتىۋاتامسەن؟

— تونۇشتۇرۇشلىرىدا ئانچە چاتاق يوقتۇ بالام، سەن بىر نەرسىنى سەزدىڭمۇ-يە؟

— ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەيلى دادا، بۇنداق تونۇشتۇرۇش، گۇۋانامىلەرنى ياسىۋالغانلاردىن ئىلگىرى نەچچە-نەچچىسى تۇتۇلغان ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ ئادەمدىن سەل گۇمانلىنىپ قالدىم.

— قانداق دەيسەن ئوغلۇم؟

— ئۇ ئادەمنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى ئويلاپ باقمامسەن دادا، بىر دەم تۇققىنىم بار ئىدى دەيدۇ، ئىسمىنى سورىساڭ بىلمەيمەن دەيدۇ، راستلا تۇققىنى بولسا ئىسمىنىمۇ بىلمەمدۇ؟

— راست، شۇنداق دېدى-ھە؟

— يەنە تېخى، مۇشۇ يەردە گۇڭشې ئەزاسى ئىدى، دەيدۇ. بۇ يەر گۇڭشې ئەمەس، دۆلەت ئىگىلىگىدىكى دېخانچىلىق مەيدانى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغۇ! ئاندىن يەنە ئۇي تامغىنى سېغىنىپ، بىرەر ئۆيگە كىرەي دەپ مۇشۇ ياققا كېلىپ قالدىم دەيدۇ. دەريا بويىدا شۇنچە كۆپ ئۆيلەر تۇرسا، شۇنچە يىراق يولنى مېڭىپ، چېگرا يېنىدىكى بىزنىڭ بۇ ئۆيگە نېمە دەپ كېلىدۇ؟

غەيرەتنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىدى. قاسىم ئاخۇن بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئوغلىغا قاراپ:

— گۇمانىڭ توغرا ئوغلۇم. ئۇنداق بولسا، بۈگۈن بۇ ئادەم بىزنىڭ ئۆيدە قونىدۇ، ھوشيار بولايلى، ئەتە تاڭ سەھەردىلا چېگرا مۇداپىئە جامائەت خەۋپسىزلىك پونكىتىغا بېرىپ خەۋەر قىلايلى ئوغلۇم، قانداق دەيسەن؟



— ياق دادا، مەن ھازىرلا بېرىپ خەۋەر قىلاي.

— مۇشۇ تاپتىمۇ؟

— ھەئە، پونكىتتىكىلەر كەلسىلا، ئەھۋال بىر دەمدە مەلۇم بولىدۇ.

— ئوغلۇم كەچ كىرىپ كەتتى. پونكىت يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماق يېمىدىڭ...

— مەيلى دادا، ئايدىڭ ئەمەسمۇ، ئاتنى مىنىمەن-دە، بىر دەمدىلا بېرىپ كېلىمەن.

قاسىم ئاخۇن نېمىلەرنىدۇ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر پەس جىم بولۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— بولىدۇ ئوغلۇم، بارساڭ بارغىن، لېكىن يولدا پەخەس بول! — دېدى.

قاسىم ئاخۇن مېھماننىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى. غەيرەت داۋراڭ قىلماي ئاتنى ئاستا مىندى-دە، كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

× ×

مېھمان لەگمەننى ھەقىقەتەن بەك سېغىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، كەينى-كەينىدىن ئىككى تەخسە ئاشنى پاك-پاكىز يەۋەتكەندىن كېيىن بىر چىنە ئاش سۈيىنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ يەنە پاراڭغا چۈشتى. كىچىككىنە لامپا ئۆينى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى، مېھمان ئۇلۇغ ئۇچۇق ئىشىكتىن پات-پاتلا سىرتقا قاراپ قوياتتى. غەيرەتنىڭ ئۇكىسى تۇرسۇن تامغىنى يەپ بولۇپ بىر دەم بولارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن زېرىككەن بولسا كېرەك، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئۇخلايدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغان ئىدى. خېلىدىن كېيىن غەيرەتنىڭ ئۈكىسى تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— دادا، يىراقتا 2 ئاتلىق ئادەم كېلىۋاتىدۇ! — دەپ ۋاقىرىدى.

باياتىن بېرى غەيرەتنىڭ تاماقمۇ يېمەي قاياققىدۇ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ ئولتۇرغان مېھمان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىچە تىپىرلاپ قالدى. قاسىم ئاخۇن قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كەتتى.

مېھمانمۇ ئالدىراپ سومكىسىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ، شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالدى-دە، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە غەيرەتنىڭ ئاپىسىغا قاراپ:

— ۋاي-ۋۇي... پاراڭ بىلەن تازىمۇ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇق-ھە! پۇتلىرىم كۈيۈشۈپ كېتىپتۇ، سىرتقا چىقىپ كىرەي! — دەپ ماڭدى.

غەيرەتنىڭ ئاپىسى مېھماننىڭ چاپان، سومكىلىرىنى ئالماي چىقىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغاندەك ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.

7-8 كۈنلۈك يېڭى ئاينىڭ ئاجىز نۇرى ئەتراپنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. يولغا چىقىۋېلىپ يىراقتا كېلىۋاتقان ئاتلىقلارغا قاراپ تۇرغان قاسىم ئاخۇن يالاڭ چاپان بىلەنلا ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى تەرەتخانىغا ماڭغان مېھمانغا قاراپ قويدى.

بىر دەمدىن كېيىن راستلا ئورازبېك بىلەن غەيرەت يېتىپ كەلدى. ئورازبېك قاسىم ئاخۇن بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ئاتنى غەيرەتكە بېرىپ ئۆيگە كىردى. تۆردە مېھماننىڭ چاپىنى ۋە سومكىسى تۇراتتى.

ئاتلارنى ئىشىك ئالدىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ ئۆيگە



كىرىپ كەلگەن غەيرەت مېھماننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى چەكچەيتتى-دە، ئالدىراپ دادىسىدىن:

— دادا، ھېلىقى ئادەم قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— بار، ئارقىغا چىقىپ كەتتى، تامىقىڭنى يە، ئوغلۇم!

غەيرەتنىڭ ئاپىسى ئورازبېكنىڭ ئالدىغا چاي ئېلىپ كەلدى. ئورازبېك چاي ئوتلاپ تۇرۇپ، قاسىم ئاخۇن بىلەن مېھمان ھەققىدە پىچىرلاشتى. ئارىدىن 10 مىنۇتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن مېھمان قايتىپ كىرمىدى.

— ۋۇي، بۇ مېھمىنىڭىز بىزنى كولدۇرلىتىپ يۈرمىسۇن يەنە! — دېدى ئورازبېك بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ.

قاسىم ئاخۇن مېھماننىڭ چاپان، سومكىلىرىغا قاراپ قويۇپ:

— ئۇنداق بولماس! — دەپ قويدى، لېكىن سەل دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قېلىپ غەيرەتكە قارىدى-دە، — ئوغلۇم، ئاستا چىقىپ قاراپ باققىنا، — دېدى.

ئانچە ئۆتمەيلا غەيرەت ھودۇققان ھالدا يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— تەرەتخانىدا ھېچكىم يوق دادا! باشقا يەرلەردىمۇ كۆرۈنمەيدۇ! — دېدى.

قاسىم ئاخۇن بىلەن ئورازبېك تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سىرتقا مېڭىشتى ۋە ئەتراپنى قاراشتۇرۇشقا باشلىدى. قاسىم ئاخۇن بايا كىچىك ئوغلىنىڭ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ: «دادا، 2 ئاتلىق ئادەم كېلىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى-دە، ھە ... ئۇ ئەبلەخنىڭ جېنى تويغان ئىكەن-دە! ئەستاغپۇرۇللا... نېمە دەپ بىخۇتلىشىپ قالغاندىمەن، ئۇ تەرەتخانىغا ماڭغاندا نېمىشقىمۇ بىللە بارمىغاندىمەن؟! دەپ ئويلاپ غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ۋە بۇ ئەھۋالنى ئورازبېككە دېۋىدى، ئۇ:

www.uyghurkitap.com

— دېمەك بۇ «مېھمان» خېلىلا چېچەندەك قىلىدۇ. ئۇ بالىنىڭ كېيىمىدىن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، قۇيرۇقىنى خادا قىلغان ئوخشايدۇ. قارىغا، ئۇنىڭ ئۇستىلىقىنى! تېخى چاپىنى بىلەن سومكىسىنى قالدۇرۇپ قويۇپ بىزنى ئالدىماقچى بولۇپتۇ، — دېدى-دە، يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ، سومكىنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر كونا شارپىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. چاپاننىڭ يانچۇقلىرىنىمۇ ئاختۇرۇپ باقتى. ئىككى پارچە قاتتىق ناندىن باشقا ھېچنىمە چىقمىدى. ئاخىرى ئورازبېكنىڭ كۆزى چاپاننىڭ ئىچىدىكى بىر يانچۇققا چۈشتى-دە، ئىتتىك قولىنى تىقتۇردى، بىر كونا كونۋېرت چىقتى. كونۋېرتنىڭ ئىچىدە كېسىپ تەييارلاپ قويغان تاماكا قەغەزلىرى تۇراتتى. ئورازبېك تىت-تىت بولۇپ، كونۋېرتنى لامپىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. كونۋېرتنىڭ ئالدى-ئارقا تەرىپىدە ھېچقانداق خەت يوق ئىدى. ئورازبېك بۇ نەرسىلەرنى ئاۋايلاپ بىر قەغەزگە ئوراپ يانچۇقىغا سالدى-دە:

— ئىسمىلا بولمىسۇن بۇ غەلىتە «مېھمان»نى ئىزلەپ تېپىش كېرەك. يۈرۈڭ قاسىم ئاكا! — دەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. قاسىم ئاخۇنمۇ ئۇنىڭغا دەرھال ئەگەشتى.

ئورازبېك يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاتنى يەشتى. ئەقىللىق ئات ئۇنىڭ نەگىدۇ ئالدىراۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك كىشنەپ قويۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتتى ۋە ئېغىزدۇرۇقىنى كاراسلىتىپ ئۇچۇشقا ھازىرلاندى.

— بۇ ئىپلاس ھازىر يىراقلاپ كېتەلمىدى، — دېدى ئورازبېك ئاتقا مىنىۋېتىپ، — بىز ئايلىنىپ زەيكەش ئۆستەڭدىن



ئۆتۈپ ئالدىدىن چىقايلى!

— ئوغلۇم، سەن ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا دىققەت قىلغىن، — دېدى قاسىم ئاخۇنمۇ ئالدىراپ ئاتقا مىنىۋېتىپ.

ئاتلار تاراسلاپ چېپىپ چىقىپ كەتتى. غەيرەت غەزەپتىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگەندەك بولۇپ، ئاتنىڭ تۇيىقىدىن ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقنىغان ئوتقا قاراپ قويۇپ تۇرالماي قالدى...

— ئاپا، — دېدى ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپلا قالغان ئاپىسىغا قاراپ، — مەن ئاستا قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە قاراپ باقايمۇ؟

— ياق، سەن بارما بالام! سېنىڭ قانداق كۈچۈڭ يېتىدۇ؟

— يىراققا بارمايمەن ئانا، مۇشۇ يەردىلا...

غەيرەت ئىشىكنىڭ بېشىدا ئېسىقلىق تۇرغان سالغىنى ئېلىپ بېلىگە باغلىغاندىن كېيىن سىرتقا چىقتى ۋە ئۆز ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئەركىلەپ تۇرغان «سەگەك»نىڭ بېشىنى سىلاپ، بۇرنىغا ئاستا بىر-ئىككىنى چېكىپ قويدى-دە، ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. «سەگەك» ئۆز ئىگىسىنىڭ بۇرنىغا چېكىپ قويۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قاۋىمىدى. غەيرەت قومۇشلۇق ئارىسىدىكى ئەگرى-بۈگرى چىغىر يولدا ناھايىتى يېنىك دەسسەپ، پەم بىلەن كېتىپ باراتتى.

ئۇ تېخى ئانچە ئۇزاپ كېتەلمىدى، دەپ ئويلايتتى غەيرەت. ئەگەر زەيكەش ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتەلمىگەنلا بولسا، ھېچ يەرگە كېتەلمەيدۇ!

ئۇنىڭ زەيكەش ئۆستەڭ دىگىنى — مۇشۇ يەردىن 4 ـ 3 چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، قومۇشلۇقنى توغرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. 15 چامدام كەڭلىكتىكى بۇ زەيكەش ئۆستەڭدە ئادەم

تىزىغا كەلگىدەك قارا سۇ ئاقاتتى. ئۇنىڭ ئاستى ۋە ئىككى
قاسنىغى قىش ـ ياز قۇرىمايدىغان پاتقاقلىق بولۇپ، بىر چاغلاردا
مال ـ ۋارانلار پېتىپ قېلىپ، پاتقاقتىن چىقالماي ئۆلگەن ئىشلار ـ
مۇ بولغان، چېگرىغا بارماقچى بولغان ھەر قانداق ئادەم مۇشۇ
پاتقاقلىقتىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. زەيكەش ئۇستەڭ ـ
نىڭ ئۇ چېتى يەنىلا پاكار ـ پاكار قۇمۇشلۇق بولۇپ، چېگـرىغا
تۇتىشىپ كېتەتتى.

غەيرەت ئۇستـا ئۇۋچىلاردەك توت ئەتراپىغا سەپسېلىپ
كـېتىپ باراتتى. «سەگـەك» مۇ ئۇنىڭدىن غېرىچ ئايـرىلماي،
غەيرەتنىڭ دالدىسىغا ئۆزىنى يوشۇرۇپ ئاستا ماڭاتتى. ئارىلاپ
قۇلاقلىرىنى دىڭگـايتىپ غـىڭشىپ قوياتتى، لېكىن غەيرەت
دەرھال ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، بۇرنىغا چېكىپ قويغاندىن كې ـ
يىن جىم بولاتتى. پايانسىز دالا ئاجايىپ جىمجىتلىققا چۆمگەن
ئىدى. پەقەت كېچىنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى ئارىلاپ قۇمۇشلارنى
شىلدىرلىتىپ قوياتتى. يېقىنلا يەردىكى چاتقاللار ئارىسىدىن
ئاستا سىرغىپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ يېنىك شىلدىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ
قالاتتى. بۇ سۇس ئاۋازلارنى بېسىپ، خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن
كـېلىۋاتـقاندەك بىر خىل گۇكسىرەشمۇ ئاڭلىناتتى. غەيرەت بۇ
كۇچلۇك سادانىڭ ناھايىتى يىراقتىكى ئىلى دەرياسىنىڭ شارقىرى ـ
شى ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، يەنە ماڭدى. ھەر بىر توپ دەرەخ،
ھەر بىر ئازگاللار غەيرەتنىڭ كۆزىتىشىدىن سىرتتا قالمايتتى.
ئۇ بەزىدە ئىتتىك توختاپ، ئەتراپتىكى شەپىگە قۇلاق سالاتتى.

ئۇ، شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇن مېڭىپ، ئىگىز ئۆسكەن
ياۋا كەندىر ئارىسىغا كىرىپ قالدى. ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىدە
يالـتىراق قوڭغۇزلارنىڭ يېشىل نۇرلىرى ۋالىلدايتتى. ئارىـلاپ
يىراقتىكى سازلىقلاردىن پاقىلارنىڭ سوزۇپ كۇكىراشلىرى ئاڭ ـ



لىنىپ قالاتتى، بەزىدە ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئالىمقـان ـ
داق قۇشلار غەيرەتنىڭ بېشىدىلا «قىر ـ قىر» قىلىشىپ قوياتتى.

غەيرەت بىر توپ يالغۇز قارىياغاچنىڭ دالدىسىغا كېلىپ
بىر دەم تۇردى ۋە يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمانغا قارىدى.
«ھەي... ئاينىڭ ئەتراپىدا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپتۇ. تېخىمۇ قاراڭ ـ
غۇ بولۇپ كېتىدىغان بولدى ـ دە!» ئۇ يەنە ماڭدى. بىر ئازدىن
كېيىن «سەگەك» بىر نەرسىنى سەزگەندەك بىردىنلا بېشىنى كو ـ
تىرىپ ئالدىغا تەلپۈندى. غەيرەت ئۇنى چاقنانلىق بىلەن تۇتۇ ـ
ۋالدى ـ دە، قەدىمىنى تېزلەتتى. مانا، بىزدىنلا ئالدى تەرەپتە
قۇمۇشلۇقلار ئارىسىدا «لىپ» قىلغان بىر كـولەڭگىنى غىل ـ پال
كورۇپ قالغاندەك قىلدى. شۇ ئـان زوڭزىـيىپ ئولتۇرۇپ
دىـققەت بىلەن كـۆزىتىشكە باشلىدى. ئەنە، بىر قارا كولەڭگە
خۇددى ئوغرى مۇشۇكتەك بىر دەم ئۇياققا، بىر دەم بۇياققا شۇڭ ـ
غۇپ، ناھايىتى ئىتتىك كېتىپ باراتتى. گايىدا توختاپ، ئال ـ
دى ـ ئارقىغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتى...

غـەيرەتنىڭ بىردىنلا كوزىگە قاراڭغـۇچىلىق تـىقىلىپ، يۈ ـ
رىكى قاتتىق دۈكۈلدەپ كەتتى. ھايات ـ ماماتلىق جېڭى باشلى ـ
نىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەن ئىدى!

«ئورازبېك تـاغام بىلەن دادام نـەدە يۈرىدىغاندۇ؟ ھا ـ
زىر ئۇنىڭ ئالدىدىنلا چىقىپ قالغان بولسا نىمـە دىگەن ياخشى
بولاتتى ـ ھە! ئىست ـ ئىست...»

«سەگەك»مۇ كولەڭگىنى كورۇپ قالغان ئىدى. ئەمدى ئۇ
قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ، خىرىس قىلىشقا تەمشـىلىۋىدى، غـەيرەت
دەرھال ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ بۇرنىنى تۇتـتى. ۋاھ، بۇ ئەبـ ـ
لەخ بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىكەن ـ دە! ھىچبىر تې ـ

www.uyghurkitap.com

ئىمەي، ئۇدۇل زەيكەش ئۆستەڭگە قاراپ ماڭغىنىنى [illegible] بۇ ئۆستەڭدىن ئۆلسەممۇ ئۆتكۈزمەيمەن! غەيرەت قويۇق قومۇشلۇق ئىچىدە مارىلاپ ئولتۇرۇپ شۇنداق ئويلىدى. قارا كۆلەڭگە يەنە ماڭدى. غەيرەتمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ توختىمىسا، غەيرەتمۇ توختاپ ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. مانا، كۆلەڭگە ئاخىرى زەيكەش ئۆستەڭنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ، ئەتراپقا دىققەت بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن يەردە ئولتۇردى.

ئۇ ئايىغىنى سېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى غەيرەت يۈرىگى سېلىپ، — بۇ تازىمۇ ئوبدان پەيتقۇ!

ئۇ «سەگەك»نىڭ قۇلىقىغا نېمىنىدۇ پىچىرلىغاندەك قىلىپ «ئالە كۈش-كۈش!» دەپ قويۇپ بەردى-دە، ئارقىدىنلا ئۆزىمۇ:

— توختا! — دەپ ۋاقىراپ ئوقتەك ئېتىلدى. غەيرەتنىڭ زىل ئاۋازى بىلەن «سەگەك»نىڭ دەھشەتلىك ھاۋشۇشى جىمجىت كېچە ئاسمىنىنى تىترىتىۋەتتى.

ھېلىگەر دۈشمەن ئۈشتۈمتۈت يېنىدىلا جاراڭلىغان بۇ ئاۋازلاردىن گاڭگىراپ كېتىپ، ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئاتتى-دە، ئۇلەر-تىرىلىشىگە قارىماي پاتقاقلىقتا يۈگۈرۈشكە باشلىدى، لېكىن پاتقاققا پېتىپ قېلىۋاتقان پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمەي، بىر-ئىككى قېتىم يىقىلىپمۇ چۈشتى. شۇنداق بولسىمۇ جېنىنىڭ بېرىچە قىرغاق تەرەپكە ئۈمىلىمەكتە ئىدى....

ئورازبېك بىلەن قاسىم ئاخۇن خېلى يىراقلارنى چارلاپ، دۈشمەننىڭ تېخى زەيكەش ئۆستەڭدىن ئۆتمىگەنلىكىنى پەرەز قىلىشىپ، بىر چىملىققا كېلىپ، جىمجىت شەپە تىڭشاۋاتقاندا بىردىنلا يىراقتىن «سەگەك»نىڭ ئەنسىز قاۋىشى ئاڭلاندى، ئىككىيلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئات چاپتى...





«سەگەك» غەيرەتتىن بۇرۇن كېلىپ ئوستەڭگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە ھە دەپ تىك قىرغاققا ياماشىۋاتقان دۈشمەننىڭ كەجىگىسىگە ئېسىلدى. غەيرەت جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىراپ ئوستەڭنىڭ ئىچىگە چۈشكەندە «سەگەك» بىلەن دۈشمەن جىددى يومىداقلاشماقتا ئىدى. غەيرەت دەرھال سۇيۇق پاتقاقنى ئوچۇملاپ ئېلىپ دۈشمەننىڭ كۆزىگە قارىتىپ ئاتتى ۋە ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى. «سەگەك» بىلگىنىدەكلا دۈشمەننىڭ تاپانچا تۇتقان قولىنى جەينىكىدىن چىشلەپ تۇتۇۋالغاچقا، ئۇ قورالىنى ئىشلىتەلمەي قالغان ئىدى. ئۇ، ئۇشتۇمتۇت كەينىچە بىرنى تېپىپ غەيرەتنى يىقىتىۋەتتى، لېكىن «سەگەك» ھامان ئۇنىڭ بىلىكىنى قويۇۋەتمەي تالىماقتا ئىدى.

غەيرەت ئومىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېلىگە باغلىۋالغان سالغىنى يەشتى-دە، دۈشمەننىڭ بوينىغا سېلىپ كۈچ بىلەن تارتتى. دەل شۇ چاغدا «گۈم!» قىلغان تاپانچا ئاۋازى بىلەن تەڭ «سەگەك» پاتقاققا يىقىلدى: غەيرەتنىڭ سالغىنى كۈچ بىلەن تارتىشى تاپانچىنىڭ ئېتىلىشى بىلەن تەڭ كەلگەچكە، دۈشمەنمۇ ئوڭدىسىغىلا پاتقاققا يىقىلغان ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ھە دەپ پاتقاقنى سىپاشتۇرۇپ ئىزلەشكە باشلىدى. غەيرەت شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سالغىنى يەنە بىر قېتىم كۈچ بىلەن تارتىپ يۇلقۇندى. تاپانچىنى تاپالماي ئومىلەپ يۈرگەن دۈشمەن يەنە بىر قېتىم ئوڭدىسىغا يىقىلدى-دە، غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھۇ، ئىتنىڭ كۈچۈكى! — دېگىنىچە ئېتىلىپ كېلىپ غەيرەتنى قاتتىق بىرنى تەپتى ۋە كەينى-كەينىدىن دەسسەشكە باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن سەكرەپ چۈش-



كەن ئورازبېكنىڭ:

— كۆتەر قولۇڭنى! — دېگەن ئاۋازى ياڭراپ كەتتى.

بوينىغا سىرتماق سېلىنغان دۈشمەن پەرىشانلىق بىلەن تىترەپ تۇرۇپ قولىنى كۆتەرمەكتىن باشقىغا ئۈلگۈرەلمىدى.

قاسىم ئاخۇن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، پاتقاقتىن تەستە ئومىلەپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان غەيرەتنى يۆلەپ كۆتەردى.

— قاسىم ئاكا، سەن غەيرەتنى دەرھال دوختۇرغا ئېلىپ ماڭ، — دېدى ئورازبېك دۈشمەننى چەمبەر-چەس باغلاپ تۇرۇپ.

ئانچە ئۆتمەي ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ئاڭلىنىپ، ئاپتوماتلارنى ئاسقان چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىدىن 2 كىشى يېتىپ كەلدى. بۇلار ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەلگەن ئىكەن...

غەيرەت دوختۇرخانىدىن 4 - 3 كۈندىن كېيىن ساقىيىپ چىقتى، ئۇ، دۈشمەننىڭ تۇتۇلغانلىقىدىن قالتىس خۇشال بولۇپ كەتتى. بىراق ئەقىللىق ئالا ئىتى — «سەگەك» تىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى...

× ×

— سىزنى تازا ساقلىتىپ قويدۇم-ھە؟

مەن چۆچۈپ خىيالدىن بېشىمنى كۆتەردىم. يېنىمدا قاراقاش، بەستلىك ئورازبېك كۈلۈپ تۇراتتى. مەنمۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— ياق، ئانچە ساقلىمىدىمغۇ دەيمەن؟ — دېدىم.

— يۈرۈڭ، ئەمدى ماڭايلى!

بىز قوياش تەپتىدە ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان ياپ-يېشىل ئوتلاقلارنى ئارىلاپ، غەيرەتنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق. ئورازبېك غەيرەت ھەققىدە يەنە يېڭى بىر ھېكايىسىنى باشلىدى...

1978- يىل فېۋرال. قورغاس

# قارىغاي ۋە سوگەت

يەكشەنبە كۈنلىرىنىڭ بىرىدە 10 ياشلىق ئوغلۇم پەرھاتنى ئېلىپ تاغ سەيلىسىگە چىقتىم. شەھەردە ھاۋانىڭ شۇنچە ئىسسىپ كەتكىنىگە قارىماي تاغ بەكمۇ سالقىن، بەكمۇ يېقىملىق ئىدى. غۇر - غۇر تاغ شامىلى يۈزلىرىمىزنى سىيىپ، قۇلىقىمىزغا نىمىلەرنىدۇ پىچىرلايتتى. تاشتىن - تاشقا سەكرەپ ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى، رەڭدار گىلەمدەك گۈل - چېچەككە تولغان پايانسىز يايلاقلار، ياپ - يېشىل قارىغايلار كىشىنى ئاجايىپ زوقلاندۇراتتى.

ئوغلۇم پەرھات مۇنداق گۈزەل مەنزىرىلەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاچقىمۇ خۇددى تاي-چاقلاردەك قىيغىتىپ، قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇ گاھى مامۇقتەك يۇمشاق چىملىقلار ئۈستىدە موللاق ئېتىپ ئوينىسا، گاھى جىرالاردىن مەرۋايىت ئۈنچىلەرنى چاچرىتىپ شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۈپ - سۈزۈك سۇدا راھەتلىنىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇياتتى. گاھىدا گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەرنى قوغلاپ كېتەتتى، تۈرۈپلا خىلمۇ - خىل ئۇچار قۇشلارنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن: «دادا، ئاۋۇ قۇش ئەجەپ چىرايلىقكىنا!» «دادا، ئاۋۇ نىمە قۇش؟» دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇپ، ئاغزى بېسىلماي چۇگىلدايتتى...



مەن ئوغلۇمنى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈۋالسۇن دېگەن نىيەتتە ئەڭ مەنزىرىلىك جايلارغا ۋە ئېگىز تاغ چوققىلىرىغا ئېلىپ چىقتىم. راسا پەيزە قىلىپ تاماشا قىلىۋاتاتتۇق، تۇساتتىن ھاۋانىڭ پەيلى بۇزۇلدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئوچۇق ئاسمان ساغۇچ تۇسكە كىرىپ، بىردىنلا شامال چىقىشقا باشلىدى. ھايت - ھۇيت دېگىچە شامال ئەدەپ بورانغا ئايلاندى. ئورمانلار قاراسلاپ قورقۇنچلۇق گۈرۈلدەشكە باشلىدى... مەن دەرھال ئوغلۇمنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، چوققىدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭدىم. تەلىيىمىزگە يېقىنلا بىر بەلدە بىر چارۋىچىنىڭ كىگىز ئۆيى كۆرۈندى. بىز ئالاچىسىز شۇ ئۆيگە قاراپ جېنىمىزنىڭ بېرىچە يۈگۈردۇق.

بىزنى 50 ياشلاردىن ھالقىغان، ئاق ئارىلاش كەككە ساقاللىق بىر قازاق بوۋاي خوشال قارشى ئالدى ۋە تاغ ھاۋاسىنىڭ غەلىتە مىجەزىنى سۆزلەپ بەرگەچ سۈتلۈك چاي بىلەن بىزنى مېھمان قىلدى. بوران كىگىز ئۆينىڭ كەينى تەرىپىدىن كېلىۋاتقاچقا، كىگىز ئۆينىڭ ئىشىگى ئوچۇق ئىدى. بوۋاي بىلەن ئىككىمىز چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. بىر چاغدا ئوغلۇم ئاجايىپ بىر نەرسىنى كۆرگەندەك ئۈشتۈمتۇت:

— دادا، ئاۋۇ دەرەخنى قارا! — دەپ باللارچە-ئەنسىز ۋاقىرىۋەتتى ۋە يېقىنلا يەردىكى بىر دوڭغاق سوگەتنى ئىشارە قىلىپ سۆزلەپ كەتتى، — قاراپ تۇر جۇمۇ، ئۇنى ھازىرلا شامال يىقىتىۋېتىدىغان بولدى. ئۇ نىمە دەرەخ دادا؟

— ئۇ سوگەت ئوغلۇم.

— ئاۋۇ قارىغايلار ئەجەپ چىڭ تۇرىدىكەنغۇ، سوگەت نىمىشقا مۇشۇنچىلىك شامالغا چىدىماي شۇنچە ئىغاڭلايدۇ دادا؟

مەن ئوغلۇمنىڭ بۇ سوئالىغا قىزىقىپ بىر نەرسە دېمەكچى بولۇۋاتاتتىم، ئۇنىڭغىچە قازاق بوۋاي:

— بۇنى توغرا بايقاپسەن ئوغلۇم، سوگەت دىگەن چىدىماس، يىلتىزى بوش نەرسە. ئەگەر ئۇمۇ ئاۋۇ قارىغايلاردەك يەر ئاستىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولسا، مۇنداق ئىغاڭلاپ كەتمەيتتى، گەپ يىلتىزدا، — دىدى ۋە ئوغلۇمغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

ئوغلۇم بوۋاينىڭ سۆزىگە چۈشىنەلمىگەندەك بىردە بوۋايغا، بىردە ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. مەن سوگەتكە نەزەر سېلىشقا باشلىدىم. شامال بايىقىدىن خېلى پەسلەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن چاچ - ساقاللىرى توكۇلۇپ كەتكەن بوۋايدەك يالىڭاچلىنىپ قالغان بۇ دوڭغاق سوگەت هازىرلا توپ - يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ كېتىدىغاندەك باشلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، توختىماي ئىغاڭلىماقتا ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بوران ئاستا - ئاستا پەسلەپ قالدى. بوۋاي بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مېنىڭ بايىقى سۆزۈمنىڭ مەنىسىگە دىگەندەك چۈشەنمىدىڭ. يۈر، مەن ساڭا قارىغاي بىلەن سوگەت يىلتىزىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياي، — دىدى - دە، ئوغلۇمنى باشلاپ ماڭدى. مەنمۇ ئۇلارغا ئەگەشتىم.

— قارا، — دىدى بوۋاي قىيا تاش ئۈستىدە مەغرۇر قەد كۆتىرىپ تۇرغان ياش بىر توپ قارىغاينى كۆرسىتىپ، — بۇ قارىغاينىڭ يىلتىزى قانداق تۇرۇپتۇ؟ تازا ئوبدان قاراپ باققىنا!

ئوغلۇم پەرهات قارىغاينىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ، سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— ۋوي، راستىلا ئۇنىڭ يىلتىزى تاشلارنى يېرىپ، يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىپتىغۇ! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى.

مەنمۇ ئىلگىرى قارىغايلارنىڭ يىلتىزىغا ئانچە دىققەت



قىلمىغان ئىكەنمەن. ئەمدى كۆردۈمكى، يوغان قورام تاش ئۈستىدە تۇرغان بۇ قارىغاينىڭ يىلتىزى راستلا تاش يېرىقلىرىدىن يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئويلاپ كۆردۈم، يىلتىزلار يوغىنىغانسېرى تاشمۇ ئىلاجسىز پارچىلىنىپ، ئۆزلۈگىدىن كۆكۈم - تالقان بولماي قالارمۇ؟ مەن هاياجان ئىچىدە قايىل بولۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— گەپ يىلتىزدا دىگىنىم شۇ، — دىدى بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ، — مانا قارا، ئۇنىڭ ئوق يىلتىزى يوغان تاشلارغا دۈچكەلگەن، لېكىن ئۇ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمىگەن، بەلكى چىڭ تۇرۇپ، تاشنىڭ قىلدەك يېرىقلىرىنى تېپىۋېلىپ ئۇدۇل ماڭغان. ئاخىرى قاتتىق تاش چاك - چېكىدىن يېرىلىپ ئۇنىڭغا يول بەرگەن. ئاۋۇ سوگەتچۇ؟ ئۇنىڭ يىلتىزىغا قاراپ باق، بېرى كەل ئوغلۇم!

هەممىمىز دوڭغاق سوگەتنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئوغلۇم پەرهات ئۇنىڭغا قاراپلا يەنە چۈگۈلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— راست ئىكەن دادا، قارا، ماۋۇ سوگەتنىڭ يىلتىزى قارىغاينىڭكىدەك ئۇدۇل ماڭماي، ئومۇچۇكنىڭ پۇتلىرىدەك يان - يېنىغا قاراپ مېڭىپتۇ. تېخى بەزى يىلتىزلىرى توپىنىڭ ئۈستىدىلا تۇرۇپتۇ! سوگەت راستلا قورقۇنچاق، چىدىماس ئىكەن!

بوۋاي بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ گېپىدىن كۈلۈپ كەتتۇق.

— توغرا شاكىچىك، توغرا گەپ قىلدىڭ، — دىدى بوۋاي ۋە ئۆيگە قايتىۋېتىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — سوگەت راست قورقۇنچاق. ئۇ جاپادىن قورقۇپ، قەيەر يۇمشاق بولسا شۇ ياققا قاراپ يىلتىز تارتىدۇ. قارىغاي بولسا باتۇر، شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئەزەلدىن قارىغاينى ماختىشى ئەجەبلىنىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىش - ياز ياپ - يېشىل كۆكىرىپ تۇرىدۇ. ئۆمرىمۇ ئۇزۇن، سانائەت قۇرۇلۇشلىرىمىزدا ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال.

— دادا، سۆگەتنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟

— ماتېرىيال قىلىپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئوتۇن قىلىپ قالاشقىلا بولىدۇ، — دېدىم مەن.

بىز كىگىز ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن يەنە خېلىغىچە پاراڭلاشتۇق. شامالمۇ توختاپ قالدى. قايتىش ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇرۇپ خوشلىشىۋاتقان چېغىمىزدا بوۋاي ئۇشتۇمتۇت پەرھاتتىن سوراپ قالدى:

— مەكتەپتە ئوقۇۋاتامسەن؟

— ئوقۇۋاتىمەن، بۇ يىل 3 - سىنىپنى پۈتتۈرىمەن، — دېدى پەرھات.

— ياخشى، ئۇنداق بولسا مەن سېنىڭدىن بىر سوئال سورايمەن، جاۋاپ بېرىپ باققىنا!

پەرھات خىجىل بولۇپ، ماڭا قاراپ تىرنىغىنى تاتلىدى. بوۋاي ماڭا كۆز يۇمۇچلاپ قويۇپ سوئالىنى سورىدى:

— قېنى ئېيتقىنا، قانداق قىلغاندا ياخشى ئوقۇغۇچى بولغىلى بولىدۇ؟

پەرھات جاۋاپ بەرمەي، تارتىنغان ھالدا ماڭا قارىدى. مەن ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ:

— قورقماي جاۋاپ بېرىۋەر ئوغلۇم، — دېدىم.

— ئۇستازلىرىڭنىڭ بەرگەن دەرسلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەرخىل بىلىملەرنى ئىگەللەپ ئۈزلۈكسىز ئالغا باسقاندا ياخشى ئوقۇغۇچى بولغىلى بولىدۇ!

ئوغلۇمنىڭ دادىل بەرگەن بۇ جاۋابى مېنى ھەيران قالدۇردى.



— بارىكاللا، يارايسەن ئەزىمەت! — دېدى بوۋاي زور مەمنۇنلۇق بىلەن خۇشال كۈلۈپ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — توغرا جاۋاپ بەردىڭ. لېكىن شۇنى بىلىۋالغىن: تىرىشىپ ئوقۇپ ھەرخىل بىلىملەرنى پۇختا ئىگەللەش — ماۋۇ تاققا چىققاندەك ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تەر توكۇش، قاتتىق ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھېلىقى سۆگەت تاشتىن قورقۇپ، قەيەر يۇمشاق بولسا شۇ يەرگە يىلتىز تارتقاندەك، ئاسان يەرنى ئىزلىسەڭ ھەرگىز نەتىجە قازىنالمايسەن!

بوۋاينىڭ چوڭقۇر مەنىلىك بۇ سۆزلىرى مېنى ھاياجانغا سالدى. مەن بوۋاينىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېدىم:

— دېخانلارمۇ يەرگە قانچە كۆپ ئىشلىسە، كۆپ تەر توكسە ھوسۇلنى شۇنچە كۆپ ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئىلىم-پەننى ئۆگىنىشتىمۇ خۇددى ئاۋۇ قارىغاي قورام تاشلارنى يېرىپ يىلتىز تارتقاندەك قىيىنچىلىقتىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقمايدىغان قەيسەر روھ بولۇش كېرەك، ئوغلۇم!

— مەن تىرىشىپ ئوقۇپ، ئىلىم-پەننى ئىگەللەش ئۈچۈن چوقۇم شۇ قارىغاينىڭ يىلتىز تارتىش روھىدىن ئۆگىنىمەن! — ئوغلۇم خۇددى قەسەمياد قىلغاندەك تەنتەنىلىك رەۋىشتە جاۋاپ بەردى.

بىز بوۋاي بىلەن مېھرىۋانلارچە خوشلىشىپ يەنە چوققىغا قاراپ ماڭدۇق. ئوغلۇمنىڭ ئالدىمدا ئېگىز چوققىلارغا خۇددى كىيىكتەك يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ ئاجايىپ ئىپتىخارلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدىم...

1979 - يىل ماي. ئۈرۈمچى

# خانقىزلارنىڭ كوماندىرى

بۇ يىل ئەمدىلا 2-سىنىپقا چىققان دىلشات مەكتەپتىن قايتتى. ئۇ، خۇددى تايچاقتەك قىيغىتىپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلگەندە ئىشتىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەن ئاتا-ئانىسى دەرىزىنىڭ ئالدىدا قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە بىر پارچە خەتنى ئوقۇشۇۋاتاتتى.

— دادا، نەدىن خەت كېلىپتۇ؟ — دىلشات بويىنىدىن جىلتىسىنى ئېلىپ، ئىتتىك ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— موماڭدىن، تاغاڭدىن خەت كېلىپتۇ ئوغلۇم، — دىدى دادىسى خەتتىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— ئوقۇپ بەرگىنە دادا، مومام نىمە دەپتۇ؟ ئىتتىك بول، ئىتتىك بولغىنا! — خوشاللىقتىن قىن-قىنىغا پاتماي كەتكەن دىلشات چاۋاك چېلىپ سەكرەشكە باشلىدى.

— موماڭ ۋە يېزىدىكى باشقا تۇققانلار ئوبدان تۇرۇپتۇ، ھەممىڭىزگە سالام ئېيتىپتۇ. سېنى بەك سېغىندۇق، دەپتۇ.

— يەنىچۇ؟

— ئالدىرىما، ھەسەن تاغاڭ ساڭا ناھايىتى قىزىق بىر پارچە خەت يېزىپتۇ...



— نىمە، تاغام ماڭىلا يېزىپتىمۇ؟

— شۇنداق، ساڭىلا يېزىپتۇ. پاراڭ سالماي ئاڭلا. ئوقۇپ بېرەي!

دىلشاتنىڭ دادىسى خاتىرە دەپتەرنىڭ بىر ۋارىقىغا يېزىلغان كىچىككىنىكە بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«خانقىزلارنىڭ كوماندىرى دىلشات، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئوبدان ئوقۇۋاتامسەن ئوغلۇم؟ ئالدى بىلەن ساڭا بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتاي، بۇ يىل بىز ھىلىقى تەجرىبە ئېتىزىدىكى 100 مو كېۋەزنىڭ ھەر موسىدىن 200 جىڭدىن ئاشۇرۇپ ھوسۇل ئالدۇق. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، دىخان ئاغىلىرىڭ ئوبدان ئەجىر قىلدى، ئىككىنچىدىن، سېنىڭ ئەسكەرلىرىڭ ئالاھىدە باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ئەسكەرلىرىڭ سېنى بەك سېغىنىپ كېتىپتۇ ئوغلۇم. ئۇلار، كوماندىرىمىز قاچان كېلىدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارغا، تەتىلدە كېلىدۇ، دىدىم. بۇ يىل تەتىلدە چوقۇم كەلگىن، جۇمۇ! خەير، سالامەت بولغىن كوماندىر.

تاغاڭ ھەسەن ئاخۇندىن.»

خەتتە يېزىلغانلارنى چۈشىنەلمىگەن دىلشات بىر دادىسىغا، بىر ئانىسىغا قاراپ:

— تاغام نىمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆز ئەسكەرلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالىدىغان قانداق كوماندىرسەن! — دەپ كۈلدى ئانىسى، — بۇ يىل ئەتىيازدا موماڭنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، تاغاڭ تەجرىبە قىلىۋاتقان كېۋەزلىككە نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى قويۇپ بەرمىدىڭمۇ، ئۇنتۇپ قاپسەن-ھە؟

— ھە... بىلدىم-بىلدىم، ھىلىقى خانقىزلارنى دەۋېتىپتۇ-دە! — كۈلكىدىن دىلشاتنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى ۋە شۇ ھامان

يېزىغا بارغان چېغىدىكى ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى - دە، خۇددى كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىدىن تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

× ×

بۇ يىل ئەتىيازدا يېزىدىن مومىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقى توغرىسىدا خەت كەلدى. دادىسى بىلەن ئانىسى ئىدارىسىدىن 15 كۈنلۈك رۇخسەت ئالدى - دە، يېزىغا ماڭماقچى بولدى. ئۆيدە دىلشاتقا قارايدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىلشات مەنمۇ مومامنى كۆرۈپ كېلىمەن دەپ ئەگىشىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئىلاجىسىز مەكتەپتىن ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت ئېلىشقا توغرا كەلدى.

بۇ ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، يېزىنىڭ تازىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن چاغلىرى ئىدى. ئېتىز - ئېرىق، باغ - ۋاران، هويلا - ئارامىلار يېشىللىققا چۆمگەن. غۇر - غۇر باهار شامىلىدا دېڭىزدەك دولقۇنلىنىۋاتقان هەر خىل زىرائەتلەرنىڭ ئاق، قىزىل، سۇسۇن رەڭلىك چېچەكلىرى ئاجايىپ جىلۋىلىنىپ، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. باغلاردا ئۆرۈك، ئالمىلار غورا بولغان، هەممە ياقتىن خىلمۇ - خىل قۇشلارنىڭ بەس - بەستە چۇۋۇرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دېخانلار ئېتىزلىقلاردا ناخشىلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ كۆڭۈللۈك ئىشلەۋاتاتتى.

دىلشات مومىسىنىڭ يېنىدىن شەهەرگە يېنىپ كەلگىلى 2 يىل بولاي دەپ قالغاچقا، كۆيۈمچان مومىسىنى، باغۇ - بوستانلىق چىرايلىق يېزىسىنى ۋە بۇ يېزىدىكى دوستلىرىنى بەكمۇ سېغىنغان ئىدى، شۇڭا ئۇ يېزىغا يېتىپ كېلىپلا خۇشاللىقتىن



قىن - قېنىغا پاتماي قالدى. بىراق، مومىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىغىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى.

قىزىق ئىش بولدى! دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشىدىنمۇ ياكى بالىلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۇلار كېلىپ 3 - 4 كۈندىن كېيىن مومىسى خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى. مومايىنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ هويلا - ئارامىلارغا چىقىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن تۇغقانلار، خوشنا - خولۇملار: «دىلشاتنىڭ ئايىغى ياراشتى» دېيىشىپ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ موماي تېزلا ساقايدى. ئەمدى يېزىدا دىلشاتتىن خۇشال كىم بار دەيسىز؟... ئۇ پەقەت تاماق ۋاقتىدىلا ئۆيدە پەيدا بولاتتى. قالغان چاغدا دوستلىرى بىلەن ئېتىزمۇ - ئېتىز، باغمۇ - باغ چېپىپ يۈرەتتى. گايى دېخانلارنىڭ ئىشەك، كالا هارۋىلىرىغا چىقىۋېلىپ ئوغۇت توشۇسا، گايىدا قوناقلىقتىكى ئەزالار تاخلىۋەتكەن قوناقلارنى ۋە ئوت - چۆپلەرنى كۆتۈرۈپ ئات ئېغىلىغا ئېلىپ كېلىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى مەكتەپ بالىلىرى بىلەن بىللە قوناقلىقتا يېڭىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىغان يەر يولۋىسىنى يوقىتىش كۈرىشىگە قاتناشتى. تۇتۇۋالغان يەر يولۋىسىنى يىغىپ، ئەترەتنىڭ توخۇ فېرمىسىغا ئېلىپ كېلىپ بېرىۋىدى، فېرمىدىكى بوۋاي قالتىس خۇشال بولۇپ كەتتى...

بىر كۈنى دىلشات بىر نەچچە دوستى بىلەن بىللە بۇغدايلىقنىڭ يېنىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىدە رەڭگا - رەڭ كېپىنەكلەرنى قوغلاپ ئوينىدى. شۇ ئەسنادا بۇغداي يوپۇرماقلىرىغا يېپىشىۋالغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر نەرسىلەرنى كۆرۈپ قالدى. بۇ جانىۋارلارنىڭ قاتتىق قىزىل قاسراقلىق قانىتى، هەر بىر



قانىتىدا ئۈچتىن ئالتە، دۈمبىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر، جەمئى يەتتە دانە چېكىتى بار ئىدى. ئۇچقاندا قاتتىق قانىتى ئىچىدىن يەنە بىر نېپىز قانىتى چىقاتتى. بىر قارىغاندا ئۇلار خۇددى گۈللۈك كىيىم كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. دىلشات بۇ جانىۋارلارغا بەك قىزىقتى، بىر نەچچىسىنى تۇتۇپ، يەرگە قاتار تىزىپ قويۇۋىدى، خۇددى گۈللۈك پولات قالقانلارنى دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان پالۋانلارغا ئوخشاپ كەتتى. «ۋاي، بۇلار بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىكەنغۇ! بەزىلىرىنىڭ دۈمبىسىدە يەتتە، بەزىلىرىنىڭ ئون چېكىتى تۇرىدۇ، بەزىلىرى چېكىتى يوق تاغىل يوللۇق ئىكەن!» خۇشال بولۇپ كەتكەن دىلشات مومىسى بەرگەن ئاغزى بار چىرايلىق دورا بوتۇلكىسىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ، بۇ قالقانلىق جانىۋارلارنى تۇتۇپ بوتۇلكىغا سېلىۋەردى. چۈشكىچە ساناپ تۇرۇپ 82 نى تۇتتى. ئۇ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، ئېتىزلىققا قارىۋىدى، ئەزالار ئاللىقاچان چۈشلۈك تاماققا كېتىشىپ بولۇپتۇ. شۇ چاغدىلا ئۇمۇ قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۆيى تامان يۈگۈردى.

ئۆيدىكىلەر باراڭلىقنىڭ ئاستىدىكى كەڭ سۇپىدا ئولتۇرۇپ، تاماق يېيىشىۋاتاتتى.

— تامىقىڭنى يېمەي نەلەردە قاڭقىپ يۈرىسەن بەڭۋاش؟! — ئانىسى خاپا بولۇپ ۋاقىرىدى.

— ئېتىز-ئېرىقلارنى تازىمۇ سېغىنىپ كېتىپسەن-دە، جېنىم قوزام، بۇ يەرگە كەل! — مومىسى ئۇنى يېنىغا تارتىپ، تەر تەپچىرەپ تۇرغان پېشانىسىگە سۆيۈپ قۇچاقلىدى.

— قارا، موما، — دېدى دىلشات خۇشال بولۇپ، — ئاجايىپ چىرايلىق قوڭغۇزلارنى تۇتۇپ كەلدىم. ماۋۇ بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە.

— نېرى ئېلىپ كەت. پاسكىنا نەرسىلەرنى تۇتۇپ نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىسەن؟ — ئانىسى يەنە ۋاقىرىدى.

— پاسكىنا ئەمەس، قارىغىنا ئانا، بۇلار سىنىكىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن!

ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەممەيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. دىلشات بولسا توختىماي چۇقۇلداپ سۆزلەيتتى:

— يالغان بولسا قاراپ باق، ئانا تېخى ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان گۆللۈك چاپىنى بار...

— ئېلىپ كەلگىنە ئوغلۇم، ئاناڭدىنمۇ چىرايلىق قوڭغۇزلارنى مەن كۆرۈپ باقاي! — دېدى تامغىنى ئىچىپ بولغان ئاغىسى كۈلۈپ.

دىلشات بوتۇلكىنى ئاغىسىغا بېرىپ، قولىنى يۇغىلى كەتتى. ھەسەن ئاكا بوتۇلكا ئىچىدە مىغىلدىشىپ تۇرغان ھەر خىل خانقىزلارنى كۆرۈپ خوشال ۋاقىرىۋەتتى:

— بەللى - بەللى... خانقىزلارغۇ بۇ؟!

— بۇنى خانقىز دەمدۇ تاغا؟ ئۇنىڭ ئىسمىمۇ چىرايلىق ئىكەن — ھە! — دېدى دىلشات يۈگۈرۈپ كېلىپ.

— ھە - ھە، خانقىز. بۇلارنى تاشلىۋەتمەي، تامغىڭنى ئىچىپ بولۇپلا ئۇستەڭ ياقىسىدىكى كېپەزلىككە ئېلىپ بېرىپ قويۇپ بەرگىن ئوغلۇم!

— ياق - ياق، ئاران تۇتقان تۇرسام بۇنى!

— ياق، قويۇپ بەر، ئۆلتۈرۈپ قويساڭ بولمايدۇ.

— كېپەزلىككە قويۇپ بەرسە نېمە بولىدۇ تاغا؟ — دىلشات ھەيران بولۇپ سورىدى.

— ئوغلۇم، بۇ خانقىز ناھايىتى پايدىلىق، ئۇبدان نەرسە! ئۇ پۈتۈنلەي كېپەزلەردىكى كۆك پىتلارنى يەيدۇ. قېنى، ئاۋال تامغىڭنى ئىچ، ئاندىن سۆزلەپ بېرىمەن.



دىلشات تامغىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ يەنە سورىيالى باشلىدى:

— تاغا، بۇ خانقىز دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى پايدىلىقمۇ؟ ئەسكىلىرى يوقمۇ؟

— كۆپچىلىكى پايدىلىق، — دېدى دىلشاتنىڭ تاغىسى ۋە بوتۇلكىدىكى خانقىزلارغا قاراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ئېيتقىنىدەك بولسۇن، خانقىزلارنىڭ خىلى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. دۈمبىسىدە 10 چېكىتى، 28 چېكىتى بارلىرى ئانچە ياخشى ئەمەس. ماۋۇ سېنىڭ تۇتقانلىرىڭ ساپ 7 چېكىتلىك. 13 چېكىتلىك، تاغىل يوللۇق ياخشىلىرى ئىكەن.

دىلشاتنىڭ دادىسى، ئانىسىمۇ بۇ پاراڭلارنى قىزىقىپ ئاڭلاشقا ۋە بوتۇلكىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى.

— ئوغلۇم، بۇلارنى كېپەزلىككە قويۇپ بەرگەننىڭ پايدىسى بار، — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى دىلشاتنىڭ تاغىسى، — بىلىپ قوي، بۇ خانقىزلار كېپەزلەرنىڭ باتۇر قوغدىغۇچىلىرى! كېپەز يوپۇرماقلىرىنىڭ كەينىگە يېپىشىۋالغان ئۇششاق كۆك پىتلار بار، ئېشەنمىسەڭ ھېلى چىقىپ قاراپ باق. كۆك پىتلارنىڭ رەڭگى يوپۇرماققا ئوخشاش يېشىل بولغاچقا، سىنچىلاپ قارىمىساڭ تېخى ئاسانلىقچە كۆرەلمەيسەن، ئۇنى بىز دورا چېچىش ئارقىلىقمۇ يوقىتىمىز. بىراق دورا يوپۇرماقنىڭ كەينىگە تولۇق چۈشمىگەچكە، بەزىلىرى ئۆلمەي قالىدۇ. كۆك پىت دېگەن خۇددى پاشا ئادەمنىڭ قېنىنى شورىغاندەك كېپەزنىڭ سۈتىنى، شىرنىسىنى شورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چىرايلىق ئۇسۇۋاتقان كېپەزلەر بىردىنلا سولىشىپ سارغىيىدۇ - دە، نابۇت بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا خانقىزلار بىزگە قالتىس ئۇبدان ئىش قىلىپ بېرىدىكەن - دە؟ — دەپ سورىدى، دىلشاتنىڭ دادىسى خوشال بولۇپ.

— شۇنداق، خانقىزلار بىزگە ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بىر خانقىز كۈنىگە بىر نەچچە مىڭ كۆك پىتنى يەيدۇ. ئەگەر ھەر بىر تۈپ كېۋەز مايسىسىدا بىردىن ئىككىگىچە خانقىز بولىدىغان بولسا، كېۋەزلىكتە كۆك پىت دېگەن نەرسە قالمايدۇ.

— تاغا، خانقىزلارنىڭ ئۇۋىسى نەدە؟ — قىزىقىپ سورىدى دىلشات.

— ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بوغدايلىقتا يوشۇرۇنۇپ قىشلايدۇ. 2-يىلى باھاردا كۆك پىتلار تازا توپلىشىۋالغان بوغداي، كېۋەز يوپۇرماقلىرىنىڭ كەينىگە كېلىپ تۇخۇم سالىدۇ. بىر خانقىز بىر قېتىمدىلا 700 دىن 1000 غىچە تۇخۇم سالىدۇ...

— ۋاي-ۋۇي... نىمە ئۇنداق كۆپ؟ — دىلشات تاغىسىنىڭ سۆزىنى بولدى.

— بىر خانقىز بىر يىلدا ئۈچ ئەۋلات كۆپىيىدۇ ئوغلۇم! دىمەك بىرسى نەچچە مىڭ بولۇپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق كۆپەيمىسە كۆك پىتنى قانداق يەپ تۈگىتىدۇ؟ كۆك پىتنىڭ كۆپىيىشى خانقىزلاردىنمۇ تېز بولىدۇ-دە!

— خانقىزلار كۆك پىتتىن بولەك نەرسىنى يىمەمدۇ تاغا؟

— مىۋىلىك دەرەخلەردىكى زىيانداش ھاشارەتلەرنىمۇ يەيدۇ. بىراق ئاساسي يەيدىغىنى يەنىلا كۆك پىت. خانقىزلارنىڭ بىر لىچىنكىسى كۈنىگە بىر نەچچە 100 كۆك پىتنى يىسە، چوڭ بولۇپ تازا يېتىلگەن ۋاقتىدا كۈنىگە 5000 ـ 6000 نى يەيدۇ.

دىلشات نىمىلەرنىدۇ ئويلاپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن يەنە سورىدى:

— بۇ خانقىزلار بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۇلار تۇغۇلغاندىلا شۇنداق چىرايلىق تۇغۇلامدۇ؟

— ياق، — دەپ كۈلۈپ كەتتى تاغىسى، — ھازىر سەنمۇ يېڭى تۇغۇلغان ۋاقتىڭغا ئوخشامسەن؟ ھەرگىز ئوخشىمايسەن. ئۇمۇ كىچىك چېغىدا كۈل رەڭ، تۈكلۈك، ئوششاق قۇرۇت بولىدۇ. چوڭ بولغىچە ئۈچ قېتىم قاسراق تاشلاپ ئاندىن مۇشۇنداق چىرايلىق ھالەتكە كەلگەن. بىلىۋالدىڭمۇ؟

— ھە، ئەمدى بىلىۋالدىم تاغا، — دىدى دىلشات ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — خانقىزلار بىزنىڭ دوستىمىز ئىكەن. مەن بۇلارنى ھازىرلا كېۋەزلىككە قويۇپ بېرىپ كېلەمەن. ئەسكى كۆك پىتلارنى يەپ، ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى تازا بەرسۇن، كېۋەزلىرىمىز ساغلام ئۆسسۇن!

— بەللى، شۇنداق قىل ئوغلۇم! بۈگۈندىن باشلاپ بۇلار سېنىڭ ئەسكەرلىرىڭ بولسۇن، سەن ئۇلارنىڭ كوماندىرى بول، قانداق؟ — دىدى دىلشاتنىڭ تاغىسى باشقىلارغا كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ كۈلۈپ.

— ماقۇل، — دىلشات كېۋەزلىككە قاراپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن دىلشات ھەر كۈنى بوغدايلىقلاردىن، ئېرىق ياقىلىرىدىن ھەر خىل خانقىزلارنى تۇتۇپ كېلىپ، كېۋەزلىككە قويۇپ بېرىۋەردى.

— ئوغلۇم، ئەسكەرلىرىڭ نەچچىگە يەتتى؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى تاغىسى.

— 1000 غا يېتەي دەپ قالدى تاغا.

— ھە، ئەمدى راستلا خانقىزلارنىڭ كوماندىرى بولۇپسەن! — دىدى تاغىسى كۈلۈپ كېتىپ، — بىراق سەن ئۇنى تۇتقاندا قۇرۇق بوتۇلكىغا سالماي، باشقا چوڭراق بىر نەرسە تاپقىن-دە، ئىچىگە ئاز-تولا يوپۇرماق، ئوت-چۆپلەرنى سالغاندىن كېيىن ئاندىن

خانقىزلارنى سال.

— نېمىشقا تاغا؟

— سەن ئۇلارنى بۇغدايلىقتىن تۇتۇپ كېۋەزلىككە ئېلىپ كېلىپ قويۇپ بېرىپ بولغىچە قۇرۇق بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە بىر-بىرى بىلەن سوقۇشۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، ئۇقتۇم!

10 نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. دىلشات ئاتا-ئانىسى بىلەن شەھەرگە قايتىشقا تەييارلاندى.

— خوش، تىرىشىپ ئوبدان ئوقۇغىن قوزام! — دېدى مومىسى ئۇنى ئۇزاتقاندا ماڭلىيىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ.

— خەير-خوش خانقىزلارنىڭ كوماندىرى! ئەسكەرلىرىڭدىن خاتىرجەم بول. ئۇلار كېۋەزلىكتە چوقۇم غەلىبىلىك جەڭ قىلىدۇ. بۇ يىلى مول ھوسۇل ئېلىشىمىزدا گەپ يوق! — دېدى تاغىسى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

دىلشات شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خېلى ۋاقىتلارغىچە كېۋەزلىكتە كوك پىتلارغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ئەسكەرلىرىنى ئېسىدىن چىقارمىدى. بەزىدە تېخى چۈشىدە ئۇلار بىلەن كورۇشۇپمۇ قالاتتى. كېيىن مەكتەپتە ئۆگىنىش جىددى بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا-بارا بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىدىن كوتىرىلىپ كەتكەن ئىدى.

مانا بۈگۈن ئۇشتۇمتۇت دىلشاتنىڭ دادىسى ھەسەن تاغىسىنىڭ يازغان خېتىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىگە قايتا چۈشتى-دە، خوشال بولۇپ سەكرەپ كەتتى ۋە دادىسىغا قاراپ:



— دادا، بۇ يىل تەتىل بولغاندا مومامىلارنىڭكىگە بارايلى. خانقىزلارنى تېخىمۇ جىق تۇتۇپ، كېۋەزلىككە قويۇپ بېرىدۇ. ئۇ چاغدا، كېۋەزلىكتىكى ئەسكەرلىرىم 2000 دىن ئېشىپ كېتىدۇ! — دېدى.

— ماقۇل، بارايلى. شۇنداق قىل كوماندىر! — دېدى دادىسى كۈلۈپ.

1979-يىل ئاۋغۇست. ئۈرۈمچى

※※※※※※※※※

## "بۇزغۇنچى"

### ئاتا-بالىنىڭ غەلىتە مىجەزى

توقۇمىچىلىق ئىشچىسى بۇسارەمنىڭ ئەسئەت ئىسىملىك يۈزلىرى دوپ-دۈگلەك، كوزلىرى يوغان، ئوماققىنا بىر ئوغلى بار. بۇ بالىنىڭ مىجەزى ئاجايىپ! بىركۈنى، ئۇ ئۆيدە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ ئۇشتۇمتۇت:

— ئاپا، ئادەم نىمىشقا ھەر كۈنى تاماق يەيدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ تاماق يىمىسەڭ ئۆلىسەن! — دىدى ئاپىسى. لېكىن ئەسئەتنىڭ دادىسى سېلىم ئاكا بولسا، ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئوغلۇم، ماشىنىغىمۇ بېنزىن قۇيمىسا ماڭمايدۇ، ئادەممۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىز يەۋاتقان تاماقلاردا ئادەمگە كۈچ-قۇۋۋەت بېرىدىغان ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلار بار. ئادەم ئاشۇ ئوزۇقلۇقنىڭ كۈچى بىلەن ئورە تۇرالايدۇ، ماڭالايدۇ، ئىش قىلالايدۇ. ئەگەر تاماق يىمىسە بۇ كۈچ-قۇۋۋەت نەدىن كېلىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئاپاڭ ئېيتقاندەك ئادەم ئۆلۈپ قالىدۇ-دە!



ئەسئەت قايىل بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا كۈلۈپ قويۇپ يەنە سورىدى:

— دادا، ئاۋۇ يېپىنى تارتساق لامپۇچكا يانىدىكەن، ئىچىدە ئوت بارمۇ؟

— چىراقنى ياقماي قاراڭغۇدا ئولتۇرامتىڭ؟! ئاغزىڭغا نىمە كەلسە شۇنى سورايدىكەن! — بۇسارەم ئۇنىڭ سوئاللىرىدىن زېرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. سېلىم ئاكا يەنىلا ئالدىرىماي كۈلۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئۇنىڭ ئىچىدە ئوت يوق ئوغلۇم. قارا، ئاۋۇ ئىككى سىمدىكى توك ئېقىملىرىنىڭ بىرسى مىنۇس، بىرسى پىلۇس، سەن يېپىنى تارتقاندا، مىنۇس بىلەن پىلۇس قوشۇلۇپ توك ھاسىل بولىدۇ-دە، چىراقنى ياندۇرىدۇ. ئىككىسى قوشۇلمىسا توك ھاسىل بولمايدۇ...

— ئەمدى بىلىۋالدىم دادا! — دىدى ئەسئەت خوشال بولۇپ كېتىپ ۋە يەنە سورىدى، — سەندىن يەنە بىر نەرسىنى سوراي دادا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كېچىسى چىقىدىكەن، كۈندۈزى نەگە قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ؟

— ۋاي-ۋوي... تازىمۇ قوم قازى ئىكەنغۇ بۇ! — دىدى قاچا يۇيۇۋاتقان ئاپىسى ئۇنىڭغا ئالىيىپ، — ئويلىمايدىغان نىمەڭ يوق ئىكەنغۇ سېنىڭ!

— ئوغلۇم، يۇلتۇزلار كۈندۈزى ھېچ نەگە قېچىپ كىرىپ كەتمەيدۇ. ئۇ كۈندۈزىمۇ بار، — سېلىم ئاكا ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — لېكىن كوزىمىزگە كورۈنمەيدۇ. نىمە ئۈچۈن دىسەڭ، كۈندۈزى قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرى ھەممە يەرنى يورۇتىۋەتكەندىن كېيىن ناھايىتى يىراقتىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئاجىز

نۇرى كورۈنمەي قالىدۇ. بۇ خۇددى 100 ۋاتلىق لامپۇچكىنىڭ يېنىغا كىچىككىنە شامنى يېقىپ قويسا كورۈنمەي قالغاندەك ئىش!

ئەسئەت يەنە نەرسىلەرنىڭ سورىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئومەللەۋاتاتتى، ئۇنىڭغىچە مىجەزى چۇس، ئالدىراڭغۇ ئاپىسى:

— بولدى - بولدى! كىچىك بالا دېگەن بۇنداق يىتتىم ئاقساقال بولمايدىغان، چوڭ بولغاندا بىلىۋالىسەن، ھازىر ئويۇنىڭنى ئوينىشىنى بىل، — دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى، ئەسئەت مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ئاپىسىنىڭ قېشىغا كەلدى - دە:

— ئاپا، ئادەمنىڭ كوزى كىچىككىنە تۇرۇپ، نىمىشقا شۇنچە يوغان يەرنى كورەلەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئوھوي، نېرى بارغىنا! — دېدى بۇسارەم تېرىكىپ، ساڭا جاۋاپ بەرگىلى كىمنىڭ چولىسى، ئاۋۇپ زېرىكمەيدىغان داداڭدىن سورا، ماڭ!

ئەسئەت نېمە قىلىشىنى بىلمەي خىجىل بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

سېلىم ئاكا ھەقىقەتەن ئاسانلىقچە تېرىكمەيدىغان، ئېغىر بېسىق، خۇش خۇي ئادەم ئىدى. ئۇ، قولىدىكى گېزىتىنى تاشلاپ قويۇپ، ئوغلىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىشكە باشلىۋىدى، بۇسارەم تېخىمۇ تېرىكىپ كەتتى:

— ۋاي خۇدايىم، بۇ ئاتىبا - بالىنىڭ غەلىتە مىجەزىنى قانداقمۇ قىلارمەن! ماۋۇ ئادەمنىڭ ئىچى پۇشماي مۇشۇ بىر نىمىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ ئولتۇرغىنىنى قاراڭلار، ئىشلىرىنى قىلسىلا بولمامدۇ!

— ھەي... ئۇنداق دېمە خوتۇن، — دېدى سېلىم ئاكا مۇلايىملىق بىلەن، — بۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئوزەڭ جاۋاپ بەرمەيسەن، مەن جاۋاپ بەرسەم ئۇنىمايسەن. ئۇ تازىمۇ يولسىزلىق ئەمەسمۇ؟



— ئىشتىن ھېرىپ ئاران كەلگەندە بىكارلا نەرسىلەرنى سوراپ ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ نېمە قىلىدۇ ئۇ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن. بالىنىڭ كوپ سوئال سورىغىنى يامان ئىش ئەمەس. «سورىغان بىلىم ئېلىپتۇ، سورىمىغان كېيىن قېلىپتۇ» دېگەن گەپنى بىلمەمسەن؟ ئەقىللىق بالا كوپ سورايدۇ. ھېچنىمىنى ئويلىمايدىغان، بىر نەرسىنى چۈشەنسىمۇ - چۈشەنمىسىمۇ چاتىقى يوق يۈرۈۋېرىدىغان، يەپ - ئىچىپ، ئويناشنىلا بىلىدىغان بالا ياخشى ئەمەس!

بۇسارەم نىمىلەرنىدۇ غودۇڭشىپ قويىدى. بۇ ساددا، ئەمما تەرسا ئاپا ھەر قانچە تېرىكمىسۇن، ئوغلى ئەسئەت توختىماي سوئال سوراپىدىغان، سېلىم ئاكا بولسا، ئېرىنمەي جاۋاپ بېرىدىغان بۇ غەلىتە مىجەزنى زادىلا ئوزگەرتەلمىدى.

«بۇزغۇنچى» دېگەن نامنىڭ پەيدا بولۇشى

يىللار ئوتۇپ، ئەسئەت 12 ياشقا كىرىپ قالدى. ئەمدى ئۇ 4 - سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ، مەكتەپتىمۇ دائىم ئوقۇتقۇچىلىرىدىن سوئال سوراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئالاھىدە ماختايتتى. ئۇ بارا - بارا ھەر خىل نەرسىلەرنى ياسايدىغان ۋە بەزى نەرسىلەرنى چۇۋۇپ، ئىچىنى ئېچىپ كورۇپ باقمىغىچە كوڭلى تىنمايدىغان بىر خىل ئادەتنى ئوزلەشتۈرۈۋالدى. بەزىدە، خەق تاشلىۋەتكەن بۇزۇق قۇلۇپلارنى تېپىۋېلىپ، ئېرىنمەي چۇۋۇپ، ئىچىنى تەكشۈرۈپ چىقاتتى. رادىيو زېمونت قىلىش ھەققىدىكى كىتاپلارنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ چىقىپ، ئويىدىكى رادىيونىڭ ساندۇقىنى ئاچاتتى - دە، ئۇنىڭ زاپچاسلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى؛ بەزىدە، ھەر خىل قاتتىق قەغەز ۋە پارچە - پۇرات تاختايلاردىن تانكا،

پاراخوت، ئايروپىلان، ھەرخىل قوشلارنى ياسايتتى.

ئۇ بىر كۈنى ئۆزى ياسىغان ئويۇنچۇقلىرىدىن بىر نەچچىنى ئۈستەلگە قاتار تىزىپ قويۇپ، ئۆزىچە خۇشال چاۋاك چېلىپ سەكرەپ كەتتى. بۇ چاغدا ئاپىسى تېرىكىپ:

— ھەي، ساراڭمۇ سەن! ئۆينى پاسكىنا قىلىپ ئەمدى بۇ بىر نىمىلەرنى ياسىغىلى تۇردۇڭمۇ؟! — دەپ ۋاقىراپ كەتتى.

— ھەي ئاپىسى، سەن نىمىشقا چۈشەنمەيسەن؟ — دىدى سېلىم ئاكا كۈلۈپ كېتىپ، — بۇنىڭ ياساۋاتقان نەرسىلىرىنى سەن بىلەن مەنمۇ ياسىيالمايمىز. ئۇ دەرسلىرىنى ئوبدان ئوقۇۋاتىدۇ، تاپشۇرۇقلىرىنى ۋاقتىدا ئىشلەۋاتىدۇ، بوش ۋاقىتلىرىدا مۇشۇنداق نەرسىلەرنى ياساپ ئوينىسا، زىھنى ئېچىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

— بۇنداق پايدىسى يوق نىمىلەرنى ياساپ نىمە قىلىدۇ؟ — دىدى بۇسارەم يەنە تەرسالىق بىلەن.

سېلىم ئاكا ئوغلىنىڭ ياسىغان نەرسىلىرىنى قولىغا ئېلىپ، سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن كۈلۈپ:

— ناھايىتى ئوبدان ياساپسەن ئوغلۇم! — دىدى.

كېيىن ئەسئەت تەبىئەت دەرسىدە ئوقۇغانلىرىنى تەجرىبە قىلىشقا كىرىشتى. بىر دەم كۈرۈشكىغا لىق سۇ قۇيۇپ، ئاغزىغا بىر ۋاراق قەغەزنى ياپاتتى-دە، كۈرۈشكىنى ئىتتىك دۈم قىلاتتى، سۇ توكۈلمىگەندىن كېيىن خۇشال بولۇپ:

— دادا-دادا، قارا، سۇ توكۈلمىدى. تەبىئەت دەرسىدە ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ھاۋانىڭ بېسىمىنى سۆزلەپ بەرگەن، مانا راست ئىكەن! — دەپ ۋاقىراپ كېتەتتى؛ بەزىدە، كۈرۈشكىغا يېرىم ئىسسىق سۇنى قۇيۇۋېلىپ، ئاغزىغا بىر پارچە ئەينەكنى يېپىپ قوياتتى-دە، بىر دەمدىن كېيىن ئېلىپ:



— مانا دادا، سۇ پارغا ئايلانغاندىن كېيىن يەنە سۇ بولىدىكەن. ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ سۆزلەپ بەرگىنى بىلەن ئوپمۇئوخشاش! — دەپ خۇشال سەكرەپ كېتەتتى.

— تۇۋا، بۇ بالا چوڭ بولسا قانداق ئادەم بولۇپ قالار؟ يوقىلاڭ ئىشلارنىلا قىلىپ يۈرىدۇ! — دەپ غودۇڭشۇپ قوياتتى بۇسارەم، لېكىن ئەسئەتنىڭ كېيىنكى بىر ئىشى تېرىكىپ ئاران تۇرغان ئاپىسىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرۈۋەتتى.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. ئاتا-ئانىسى تويغا كېتىپ، ئۆيدە ئەسئەت يالغۇزلا قالدى. ئۇ، بىر دەم كىتاپ ئوقۇغاندىن كېيىن «ئەمدى نىمە ئىش قىلاي» دىگەندەك قىلىپ ئەتراپقا كوز تاشلىدى. ئۇنىڭ كوزى بىردىنلا ھويلىدا تۇرغان دادىسىنىڭ ۋەلسىپىتىگە چۈشتى. خۇددى بىر نەرسە تېپىۋالغاندەك خۇشال كۈلۈمسىرەپ قويۇپ دەرھال سايمانلىرىنى ئېلىپ چىقتى-دە، ۋەلسىپىتنى ئاستا چۇۋۇشقا باشلىدى. چىقارغان زاپچاسلارنى ئوز رەتى بىلەن بىر چەتكە تىزدى. ئۇ، بىر ھازا ئاۋارە بولۇپ، ۋەلسىپىتنى ئاخىرى چۇۋۇپ بولدى. پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، بىر پەس ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە قوراشتۇرۇشقا كىرىشتى. چۇۋۇش ئوڭاي بولغان بىلەن قوراشتۇرماق ناھايىتى تەس ئىكەن! ئۇ، ۋەلسىپىتنى قوراشتۇرۇپ بولغىچە كۈنمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى، لېكىن نىمە ئۈچۈندۇ 2 دانە كىچىك كىرەك ۋېنتا ئېشىپ قالدى، بۇ قەيەرنىڭ بولغىدى؟ دەل شۇ پەيتتە ئاتا-ئانىسى كېلىپ قالدى.

— نىمە ئىش قىلىۋاتىسەن ئوغلۇم؟ — دىدى سېلىم ئاكا تەرلەپ-پىشىپ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن ئوغلىغا قاراپ.

— ۋەلسىپىتنى قوراشتۇرۇشنى ئۈگىنىۋالاي دەپ چۇۋۇپ باقتىم دادا، ماۋۇ 2 تال ۋىنتا ئېشىپ قالدى. قەيەرگە سالىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— مانا، دېمىدىممۇ؟ بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئارىلاشما دېسەم ئۇنىماي، ئەمدى بىر ئوبدانلا ۋەلسىپىتنى بۇزۇپسەن! — دەپ ۋاقىراپ كەتتى ئاپىسى.

— نەدە بۇزدۇم، تۈزەپ قويىدۇمغۇ مانا! — دېدى ئەسەت يەرگە قاراپ.

— سەن زادى بىزگە زىيان سېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان «بۇزغۇنچى» بولدۇڭ! — دېدى ئاپىسى تېرىكىپ ۋە ئەسەتنىڭ پېشانىسىگە نوقۇدى.

— بولدى - بولدى، — دېدى سېلىم ئاكا، — قېنى مەن كۆرۈپ باقاي!

سېلىم ئاكا ۋەلسىپىتنىڭ ھەممە يېرىگە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئوقنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشىدىغان 2 تال ۋىنتىنىڭ كەم ئورنىتىلغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەسەت بىر چاقنى قايتىدىن چىقىرىپ، ۋىنتىلارنى ئۆز جايىغا ئورناتتى، لېكىن بۇسارەم سېلىم ئاكىنى توختىماي ئەيىپلىگىلى تۇردى:

— نىمە قىلىمەن دېسە، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ يامان ئۈگىتىۋەتتىلە. كىچىك بالىنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن نىمە چاتىقى! زادى گۇنا سىلىدە!

— ئەخمەق ئىكەنسەن، كوچىغا چىقىپ، بالىلار بىلەن مۇشتلىشىپ ياقا يىرتىشىپ يۈرگىنىدىن بۇ ئىشلارنى قىلغىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇ، بالىدىكى ياخشى خىسلەت!

— نىمىسى ياخشى خىسلەت؟ ئويىمىزدىكى «بۇزغۇنچى» بولۇپ چىقتى بۇ! قاراپ تۇرسىلا، ئاخىرى ھەممە نەرسىنى



بۇزىدۇ، بۇ «بۇزغۇنچى!».

— بۇنداق دېيىشىڭ توغرا ئەمەس! — دەپ كۈلدى سېلىم ئاكا.

شۇ كۈندىن باشلاپ بۇسارەم ئۆز ئوغلى ئەسەتنى «بۇزغۇنچى» دەيدىغان بولۇۋالدى.

## تەگىشىش ۋە كېلىشىم

بىر كۈنى سېلىم ئاكا بىلەن بۇسارەم ئاز - پاز تەگىشىپ قالدى. بۇنىڭغا يەنىلا مۇشۇ «بۇزغۇنچى» سەۋەپ بولغان ئىدى.

سېلىم ئاكا ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، بۇسارەم ھە دەپ ئەسەتنى تىللاۋاتاتتى. ئەسەت بولسا، بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلامسىراپ تۇراتتى. ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە پۇتۇنلەي چۇۋۇلغان ئۈستەل سائىتى تۇراتتى. ئەسەت دادىسىنىڭ ئىشتىن قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ «ياردەمچىم كەلدىغۇ» دىگەندەك يېنىك بىر نەپەس ئېلىپ دادىسىغا قاراپ قويدى.

— نىمە بولدى؟ — سورىدى سېلىم ئاكا چاپانلىرىنى سېلىپ ئاسقۇغا ئىلىپ قويغاندىن كېيىن.

— نىمە بولاتتى، — دەپ توختىماي سوزلەپ كەتتى ئاچچىغىدىن چىرايى تاتىرىپ، بۇرۇن توشۇكلىرى بىر كېڭىيىپ - بىر تارىيىپ تۇرغان بۇسارەم، — كورمەيۋاتامىلا؟ ماۋۇ «بۇزغۇنچى» ئەمدى سائەتنى چۇۋۇپتۇ! مەن ئۇنى «بۇزغۇنچى» دېسەم، سىلى زادىلا ئىشەنمەيلا، مانا كورسىلە ئەمدى ئۈستەل سائىتىنى كېرەكتىن چىقىرىپتۇ!

سېلىم ئاكا «شۇنچىلىك ئىشمىدى؟» دىگەندەك قىلىپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇۋىدى، بۇ كۈلكە يارىنىڭ ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك بۇسارەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى.

— جېنىمنى چىقىرىپ كۈلۈۋاتقىنىنى تېخى! تويدۇم،
ئاتا - بالىنىڭ بۇ غەلىتە مىجەزىدىن خويىما تويدۇم!
— ئۇنچىۋالا چىچاڭلاپ كەتمە خوتۇن، — دېدى
سېلىم ئاكا يەنە بىر خىلدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ۋاقىراپ-
جاقىراپ كەتسەڭ، نىمە ئىش بولدىكىن دەپ چوچۇپ كېتى-
مەن، 15 كويغا ئالغان سائەتنى 18 يىل ئىشلەتتۇق. ئۇنىڭدا
يەنە نىمە ھەققىمىز قالدى، بۇزۇلسا بۇزۇلامدۇ؟
— توۋا! ... ماۋۇ ئادەمنىڭ دەۋاتقان گېپىنى! قاراپ
تۇرۇپ يەنە «بۇزغۇنچى»غا يان بېسىۋاتقىنىنى! ھەققىمىز
قالمىغان بولسا كوچىغا ئېلىپ چىقىپ چۆرۈۋەتسىلە! مەن بىرنى
ئىككى قىلالماي ھەلەك، بۇ «بۇزغۇنچى» بارنى بۇزۇپ ھەلەك!
نىمە قىلساڭلار قىلىڭلار، ئەمدى چاتىقىم يوق! — بۇسارەم
خاپا بولۇپ ئاشخانا ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.
سېلىم ئاكا ئۈستەل ئۈستىدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ
مۇلايىملىق بىلەن:
— سائەتنى نىمىشقا چۇۋۇدۇڭ ئوغلۇم؟ — دەپ
سورىدى.
— سائەتنىڭ ئىچىنى تازىلاپ قوياي دەپ چۇۋۇغان دادا، يەنە
ياساپ قويسام بولامدىكىن؟
— ۋاھ، خېلى ئىشەنچلىك گەپ قىلىسەنغۇ، راستلا
ياسىيالامسەن؟
— ياسىيالايمەن، بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيىدىكى سائەتمۇ بۇ-
زۇلۇپ قېلىپتىكەن، چۇۋۇپ ياساپ بەردىم، چىكىلداپ مېڭىپ
كەتتى. ساۋاقدىشىمنىڭ ئاپىسى خوشال بولۇپ، مېنى ماختاپ
كەتتى. مۇشۇ ئاپامىلا ماڭا ئىشەنمەيدۇ!
سېلىم ئاكا كۈلۈپ قويدى ۋە:



— ماقۇل، ئۇنچىلىك كارامىتىڭ بولسا ياخشى. ھازىر بۇلارنى
يىغىشتۇرۇپ قوي، كەچتە مەن قاراپ ئولتۇراي، سەن ياسىغىن، —
دېدى - دە، ئۈستەل ئۈستىدىكى سائەت زاپچاسلىرىنى يىغىشت-
تۇرماقچى بولۇپ، قولىنى ئۇزىتىۋىدى، ئەسمەت دەرھال:
— تۇتما دادا، مەن بۇلارنى ئۆز رېتى بىلەن قويۇپ قوي-
دۇم، ئارىلىشىپ كەتسە، قوراشتۇرغاندا ئېزىپ قالىمەن، — دېدى.
سېلىم ئاكا ئوغلىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ كۈلۈپ قويدى
ۋە ئاشخانا ئۆيىگە ماڭدى.
تاماق تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقان بۇسارەم سېلىم ئاكىغا ئالىيىپ
قاراپ قويدى.
— قىزىقسەن - دە، خوتۇن! ئۇ، سائەتنى بۇزماپتۇ،
ئىچىنى چۇۋۇپ تازىلاپتۇ. ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق تېرىكىپ
كەتمە!
— بولدى، ئەزەلدىنلا ئاتا - بالا ئىككىڭلارنىڭ تىلى بىر! —
دېدى بۇسارەم چالۋاقاپ، — ئۇنى توسىماي مۇشۇنداق
ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىدۋەرسىلە، ئەتە - ئۆگۈن ئۆيدىكى رادىيو،
تېلېۋىزورلارنىمۇ كېرەكسىز چىقىرىدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايمان
قىلغان بىلەن ئورنىغا كېلەمدۇ؟
— خوتۇن ئويلىغىنا، بىر قۇشقاچنى تۇتۇش ئۈچۈنمۇ بىر
سىقىم تېرىقنىڭ مەرىدىن كەچمەي بولامدۇ؟ بالىنىڭ بۇ قىزىق-
غىنلىقىغا سوغاق سۇ چاچمايلى، ئۇ تېخى ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىدە
بىر سائەتنى ياساپ بېرىپتۇ. سەن، بىز بىلمىگەن بىلەن ئۇنىڭ
قوسىقىدا خېلى ھۈنىرى بار ئوخشايدۇ.
— مەن ئىشەنمەيمەن، ئۇنىڭ بۇزۇشتىن باشقا يەنە نىمە
ھۈنىرى بولسۇن؟!
شۇ كۈنى كەچتە سېلىم ئاكا قاراپ ئولتۇردى. ئوغلى تەمتىرىمەي

سائەتنى قوراشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ قوللىرى خۇددى ئۇستا سائەت رېمونتچىلىرىنىڭكىدەك چاققان ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قوراشتۇرۇلۇپ بولۇنغان سائەت بىر خىلدا چىكىلداپ مېڭىشقا باشلىدى. خوشال بولۇپ كەتكەن سېلىم ئاكا سائەتنى كۆتىرىپ، بۇسارەمنىڭ يېنىغا كەلدى:

— مانا قاراكوردۇڭمۇ؟ «بۇزغۇنچى» نىڭ كارامىتى بارمىكەن؟

بۇسارەم سائەتكە قاراپ قويۇپ:

— چۈجىنى كۈزدە سانىسىلا، كىم بىلىدۇ، ھازىر ماڭغاندەك قىلغان بىلەن ئەتە توختاپ قالامدۇ - تېخى! — دېدى.

— نېمە دېگەن تەرسا خوتۇنسەن! — دېدى سېلىم ئاكا ئەمدى خاپا بولۇپ، — ئۆز ئوغلۇڭنىڭ ئەقلىگە ئىشەنمىسەڭ، ئۇنى ماختاشنىڭ ئورنىغا كەمسۇندۇرساڭ، پاكىتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىنقرار قىلمىساڭ نېمە دېگىلى بولىدۇ؟!

بۇ تەگىشىش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى، سېلىم ئاكا يېتىپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى، ئۇ، بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ ئەقلىگە ئىچ - ئىچىدىن خوشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوتۇنىنىڭ تەرسالىقىغا خاپا بولاتتى، قانداق قىلىش كېرەك، ئۇنىڭ بىلەن تەگىشىۋېرىش كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇمۇ ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالىدۇ دەپ ئويلىدى. ئەتىسى سېلىم ئاكا ئوغلىنى چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، مەن سېنىڭ بۇنداق ھەۋەسلىرىڭنى ناھايىتى قوللايمەن. بىراق ئاپاڭ ساددا ئايال، ئۇ كېيىنچە چۈشىنىپمۇ قالار، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن تەگىشىۋېرىش ياخشى ئەمەس. مېنىڭچە، بۇندىن كېيىن بەزى نەرسىلەرنى ئىككىمىز بىللە قىلايلى، ئىلاجى بار ئاپاڭ كۆرمىسۇن، بىلەلمىگەنلىرىڭنى قورقماي مەندىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سورا. مۇشۇنداق كېلىشىۋالساق قانداق دەيسەن؟ — دېدى.

— ماقۇل دادا! — ئەسئەت خوشال بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

## «بۇزغۇنچى» نىڭ كارامىتى

يازلىق تەتىل بولغان ئىدى. بۇسارەم «بۇزغۇنچى» نى ئېلىپ، يېزىدىكى تۇغقانلىرىنى يوقلاپ باردى. يېزىغا كەلگەن ئىلى كۈنىلا ئەسئەتنىڭ كۆزى تاغىسىنىڭ ئۆيىدىكى تاختا ئۈستىدە توپا بېسىپ تۇرغان رادىيوغا چۈشتى. ئۇ، ئاستا بېرىپ رادىيونى قولىغا ئېلىۋىدى، تاغىسى:

— ناخشا ئاڭلىغىڭ كېلىۋاتامدۇ ئوغلۇم؟ ئۇ بۇزۇلۇپ قالغان رادىيو. شەھەر كەلگەچە ياسىتىپ قويۇرمەن دېۋىدىم، شۇنىمۇ قىلالمىدىم. بۇ يەردە تۈزۈك رادىيو رېمونت قىلىدىغان دۇكان يوق، ناھىيە بازىرىغا بېرىشقا چولام تەگمىدى، — دېدى.

— نەرى بۇزۇلۇپ قالدىكىن، مەن ئىچىنى ئېچىپ قاراپ باقايمۇ تاغا؟

— تەگمە، — دەپ ۋاقىرىدى بۇسارەم كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — يەنە كونا كېسىلىڭ قوزغىلىۋاتىدۇ - ھە!

— مەيلى، تۈزىيەلىسە تۈزەپ باقسىمدۇ، — دېدى تاغىسى كۈلۈپ.

— ياق - ياق، رادىيونى تۇتما! — بۇسارەم ئەسئەتنىڭ تاغىسىغا قاراپ سۆزلەپ كەتتى، — سىلەر ئۇقمايسىلەر، بۇ ئاجايىپلا بىر بالا بولۇپ قالدى. ئەتىدىن كەچكىچە مۇشۇنداق رادىيو، سائەت، ۋېلىسىپىتلەر بىلەن ئېتىشىپ باقىدۇ، ھەيرانمەن، ئۇ، بۇ ئادەتنى زادىلا تاشلىمىدى، تۇۋا...

— بۇنداق نەرسىلەرگە قىزىقىشى ياخشى ئەمەسمۇ؟ — بۇ



ناھايىتى ياخشى ئادەت، — دېدى ئەسئەتنىڭ تاغىسى كۈلۈپ،
— ئەقىللىق بالا بولۇپتۇ، بۇ كەلگۈسىدە ئالىم بولىدۇ - تېخى!

ئۆيدىكىلەر ئەسئەتكە قاراپ كۈلۈشۈپ قويدى. بۇ كۈنى ئاپىسى ئەسئەتكە رادىيونى تۇتقۇزمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ „بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى بۇ رادىيونى تەكشۈرۈپ بېقىپ، چوڭ چاتاق بولمىسا چوقۇم تۈزەيمەن" دېگەن نەرسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تەلىيىگە ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت چىقتى. ئۆيدىكى ھەممەيلەن ھامىسىنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ بارىدىغان بولدى. „جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا" دېگەندەك ئەسئەتنىڭ قەستى رادىيودا بولغاچقا، ئۇلار بىللە بارغىن، دەپ ھەر قانچە زورلىسىمۇ، ئەسئەت بارغىلى ئۇنىماي ئۆيدە يالغۇز قالدى. ئاپىلىرى كەتكەندىن كېيىن، يۈگۈرۈپ بېرىپ رادىيونى قولىغا ئالدى، ھويلىدا ئولتۇرۇپ ئىچىنى ئېچىپ قارىۋىدى، ھەممە يېرى ساق، نىمىشقا ئاۋازى چىقمايدۇ؟ ئىزلە - ئىزلە ئاخىرى مىنۇس سىمىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى تاپتى - دە، خوشال بولۇپ سەكرەپ كەتتى. ئۇ، يانچۇقىدا ساقلاپ يۈرگەن مىس سىمدىن ئازراقىنى ئۈزۈۋېلىپ، رادىيونىڭ ئۈزۈلگەن مىنۇس سىمىغا تۇتاشتۇرۇپ بېقىۋىدى، گىژىلىدىغان ئاۋاز چىقتى، شۇنىدىن كېيىن ئۇ، سىمنى ئوتتا قىزىتىپ داغماللاشقا باشلىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى...

كەچقۇرۇن ئاپىلىرى قايتىپ كېلىپ ھەيران قېلىشتى. ئەسئەت باراڭنىڭ ئاستىدا كۈلۈپ ياتاتتى. بىر چەتتە رادىيو جاراڭلىق ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

— بەللى... رادىيونى تىلىغا كىرگۈزۈپ سايرىتىۋېتىپ-

سەنغۇ ئوغلۇم! — دەپ خۇشال كۈلۈپ كەتتى تاغىسى.

— ھەممە يېرى ساق ئىكەن، پىرلا سىمى ئۈزۈلۈپ كېتىپتىكەن، شۇنى ئۇلاپ قويدۇم تاغا.

— مانا، بىلگەن ئادەمگە ھېچگەپ ئەمەس-تە! بىز ئۇنىڭ تىلىنى بىلمىگەندىن كېيىن بۇزۇلدى دەپ يۈرۈۋېرىپتۇق، بارىكاللا ئوغلۇم!

ئاپىسى ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ھەي...مەن راستىلا ئۇنى كەمسىتىپ يۈرگەن ئوخشىمامدىمەن؟ دەپ ئويلىنىپ قالدى.

مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ئەسئەتنىڭ رادىئو رېمونت قىلالايدىغانلىقى توغرىسىدا يىراق - يېقىنغا گەپ تارقالدى. 2 كۈن ئۆتۈپ بىر خوشنىسى:

— ئوغلۇم، سېنى رادىئو ئوڭشىيالايدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم، مېنىڭ رادىئويىمنى كۆرۈپ باققىنا، تەڭشىگۈچىسى زادىلا ئۇيان - بۇيان ماڭمايدىغان بولۇۋالدى، — دەپ رادىئويىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

ئەسئەت رادىئونى ئېچىپ تەكشۈرۈپ، تەڭشىگۈچنى ھەركەتلەندۈرۈپ بېرىدىغان يىپنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ كونىراپ كەتكەن بۇ يىپنى ئېلىۋېتىپ، دۇتارنىڭ تارىسىنى ئۆتكۈزۈپ ئوڭلاپ بەردى. رادىئو بىر دەمدىن كېيىن ھەممە ئىستانسىلارنى ئالالايدىغان بولۇپ جاراڭلاپ كەتتى. بۇ ئەھۋال ھەممەيلەننى خۇشال قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەسئەتنىڭ داڭقى چىقىپ، دېخانلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇزۇلۇپ قالغان رادىئولىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان بولدى. 10 كۈننىڭ ئىچىدە 5 - 6 رادىئونى تىلغا كىرگۈزۈپ، دېخانلارنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. تۈزىتەلمىگەنلىرىنىڭ سەۋەبىنى



چۈشەندۈرۈپ قويدى. تېخى بەزلەرنىڭ يېلى [illegible]وختىماس بولۇپ قالغان ۋەلسىپىتلىرىنى، ئۈستەل سائەتلىرىنى [illegible] قىلىپ بەردى. تۈگمەنچىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئېلېكتىر سىمىنى ئۇلاپ، چىرىغىنى ياندۇرۇۋەتتى.

ئۇنىڭ بۇ كارامەتلىرىنى كۆرگەن دېخانلار ئۇنى ئەركىلىتىپ:

— ھە، شاكىچىك مۇتەخەسسىس، سېنىڭ قالتىس كارامەتلىرىڭ بار ئىكەن! چوڭ بولغاندا چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىسەن! — دېيىشەتتى. بەزىلەر:

— گەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئوبدان تەربىيىلىگەنلىكىدە، بوسارەم بالىسىنى ئوبدان تەربىيىلەپتۇ! — دەپ ئەسئەتنىڭ ئاپىسىنى ماختايتتى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بوسارەمنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ كېتەتتى - دە، ئىچى - ئىچىدىن ئازاپلىنىپ، ئۆزىنى ئەيىپلەيتتى. ئەمدى ئۇنىڭدا ئوغلىنى «بۇزغۇنچى» دەپ ئەيىپلەش ئەمەس، بەلكى پەخىرلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولغان ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئانىسى «بۇزغۇنچى» دېگەن سوزنى ھەرگىز ئاغزىغا ئالمىدى.

يېرىم ئايدىن كېيىن بۇلار شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار ھويلىغا كىرىشىگىلا سېلىم ئاكا خۇشال يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ھە «بۇزغۇنچى» ئاپاڭنى قاخشاتماي، ئوبدان ئويناپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ ئەسئەتنى ئەركىلەتتى.

— «بۇزغۇنچى» دېمىسىلە، — دېدى بوسارەم خىجىل بولغاندەك كۈلۈپ.

— ۋاھ، بۇ يېڭى گەپقۇ؟ — سېلىم ئاكا ھەيران بولۇپ، بوسارەمگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ئەمدى «مۇتەخەسسىس» دېسىلە، دېخانلار بۇنىڭغا



www.uyghurkitap.com

«شاكىچىك مۇتەخەسسىس» دەپ نام بەردى!

سېلىم ئاكا ھېچنېمىنى چۈشەنمەي تېڭىرقاپ قالدى.

بۇسارەم ئۆيگە كىرىپ، بىر پەس ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئوغلىنىڭ يېقىندىكى كارامەتلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىنىپ سۆزلەپ بەردى، ئاخىرىدا:

— بىچارە ئوغلۇمنى بىكارلا «بۇزغۇنچى» دەپ يۈرۈپتىمەن. ئاپاڭنى كەچۈر ئوغلۇم! — دەپ ئەسئەتنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ قويدى.

سېلىم ئاكا ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، قېنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ كېتىپ:

— خوش ئوغلۇم، ئەمدى ئەمەلىيەت ئارقىلىق تېرىككەك تەرسا ئاپاڭنىڭ كاللىسىمۇ تۈزىلىپتۇ. «بۇزغۇنچى» دىگەن قالپاقتىنمۇ قۇتۇلۇپسەن. ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ھېلىقى كېلىشىمنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرايلى، قانداق دەيسەن؟ — دېدى.

— قانداق كېلىشىم ئۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى بۇسارەم. سېلىم ئاكا نېمە كېلىشىم ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھەي... ئاتا - بالا ئىككىڭلارنىڭ ئەزەلدىنلا تىلى بىر دىۋىدىم، راست چىقتى! — دەپ كۈلۈپ كەتتى بۇسارەم.

— توغرا، بۇرۇن ئاتا - بالا ئىككىمىزنىڭ تىلى بىر بولسا، مانا ئەمدى ئۈچىمىزنىڭ تىلى بىر بولۇپتىمىغۇ؟ — دېدى سېلىم ئاكا.

ئۈچەيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى...

1980 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى



# «شەيتانچاق» ھەققىدە ھېكايە

پېشقەدەم پولات ئىشچىسى قاۋۇل ئاكا بۇ يىل 65 ياشلارغا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكىنى بىلەن تېنى ناھايىتى ساغلام. ئىككى مەڭزى خۇددى يىگىتلەرنىڭكىدەك قىپ - قىزىل. تېتىكلىكتىن گەپ ئاچقاندا، خېلى - خېلى يىگىتلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. يەنە بىر ئالاھىدىلىكى — ئۇ ناھايىتى گەپچى، مۇڭداشقاق، ھېكايە - چۆچەكلەرگە ئۇستا قىزىقچى بوۋاي، شۇڭا ئۇنىڭ بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئىچى پۇشۇپ قالسىلا:

— بوۋا، چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنە! — دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

بوۋاي ئۇسكىلەك قاشلىرى ئاستىدىكى مۇلايىم، كىچىك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ كۈلۈپ قويىدۇ - دە، بىر - بىرىدىن قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ھارغىچە كۈلدۈرۈۋېتىدۇ، لېكىن بوۋاينىڭ بىر شەرتى بار: ئەگەر بالىلىرىدىن بىرەرسىنىڭ دەرس نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان بولسا ياكى بىرەرسى تاپشۇرۇقلىرىنى چالا ئىشلەپ قويىدىغان بولسا، بېشىنى تاشقا ئۇرغىنى بىلەنمۇ ھەرگىز چۆچەك ئېيتىپ بەرمەيدۇ، شۇڭا بۇ ئۆيدىكى بالىلار ئالدى بىلەن دەرسىنى ئوبدان ئۆگىنىدۇ، تاپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇرۇقلىرىنى تولۇق ئىشلەيدۇ. ھەر كۈنى ئاخشىمى چوڭلىرى كىچىكلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرىدۇ. بوۋاي قانائەتلەنگەندىن كېيىنلا ئاندىن چۆچەك ئېيتىشقا باشلايدۇ. يېقىنقى 2 - 1 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ بوۋاي پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن چۆچەك ئېيتىش بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان، بالىلارمۇ ھەر ئاخشىمى بوۋايىنى بىر - ئىككى چۆچەك ئېيتقۇزماي ئۇخلىمايدىغان بولۇۋالغان ئىدى.

بۈگۈن شەنبە كۈنى ئىدى. بوۋاي بىر دەم بالىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆردى. كېيىن كۆرگۈسى كەلمەي، يېرىقى ئۆيگە قايتىپ چىقتى - دە، دۈمبىسىنى تام مەشنىڭ ئىسسىغىغا قاقلاپ، خىيال سۈرۈپ ياتتى. بۇنىڭدىن 2 كۈن ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ئىش ئۇنى ئويغا سالماقتا ئىدى:

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان كىچىك ئوغلى قادىر، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئاكىسى غەيرەتنىڭ يېڭى ۋەلسىپىتىنى مىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ كونا ۋەلسىپىتىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ قويغان ئىدى. غەيرەت مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇكىسى قادىرغا ئاچچىقلاپ ھەۋىلىدا غۇلغۇلا كۆتەردى:

— ھەي، سەن نېمىشقا ئۆزەڭنىڭ ۋەلسىپىتىنى مىنمەي، دائىم مېنىڭ ۋەلسىپىتىمنى مىنىپ قاچىسەن؟

— مېنىڭ كونا ۋەلسىپىت، بالىلار زاڭلىق قىلىدىكەن.

— نېمە دەپ زاڭلىق قىلىدىكەن، كونا بولسىمۇ ساق بولغاندىن كېيىن بولمامدۇ؟

— ئەمدى دادامغا يېڭى ۋەلسىپىت ئېلىپ بەر دەيمەن. ئېلىپ بەرمىسە، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق كونا ۋەلسىپىتنى زادىلا مىنمەيمەن!



— مىنمىسەڭ مىنمە! كىچىككىنە تۇرۇپ يوغانچىلىقنى قاراڭلار!

— نېمە دەپ يوغانچىلىق قىلىپتىمەن؟

— بىر ئوبدان ساق ۋەلسىپىتنى كونا دەپ ياراتمىغىنىڭ يوغانچىلىق بولماي نېمە؟

— سەن يوغانچى ئەمەس ئىكەنسەن. ئۇنداق بولسا، يېڭىسىنى ماڭا بېرىپ، كونىسىنى سەن مىنىۋال!

— ھىم، گەپ تالىشىغىنى قارا بۇنىڭ!

— مىنمەيمەن دېدىم مىنمەيمەن، دادام ماڭىمۇ يېڭىسىنى ئېلىپ بەرسۇن!

— ......

بوۋاي كىچىك 2 ئوغلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان بۇ پاراڭلارنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ تولۇق ئاڭلىغان ئىدى.

ئەسلىدە بۇ كونا ۋەلسىپىت غەيرەتنىڭ بولۇپ، ئۇنى زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان چوڭ ئاكىسى 4 - 3 يىل ئىلگىرى ئېلىپ بەرگەن. چوڭ ئاكىسى ئۆتكەن يىلى يېڭى بىر موتسىكلىت سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مىنىپ يۈرگەن يېڭى ۋەلسىپىتىنى غەيرەتكە بەرگەن، غەيرەت مىنىپ يۈرگەن كونىراق ۋەلسىپىت قادىرغا قالغان ئىدى. قادىرنىڭ مەكتىۋى يېقىن بولغاچقا، ۋەلسىپىت مىنمىسىمۇ بولۇۋېرەتتى، لېكىن بوۋاي: ئۆيدە بىكار تۇرغاندىن كۆرە مىنىۋال، دېگەچكە، مەكتەپكە بارغىچە - كەلگىچە مىنىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئۇ، بۇ ۋەلسىپىتنى ياراتماي، ئاكىسىنىڭ يېڭى ۋەلسىپىتىنى تالاشماقتا ئىدى....

«ھەي، بۇ بالىلار نېمە دېگەن ئاقىناچى بولۇپ كەتكەن - ھە! — دەپ بوۋاي ئۆزىچە پىچىرلايتتى، — دېمەك،

بۇلار ھازىرقى باياشات، بەختلىك كۈنلىرىمىزنىڭ قانچىلىك جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن قولغا كەلگەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە بىزدەك ئادەملەردە نەدىمۇ ۋەلسىپىت بولسۇن؟ مانا، ھازىر ئۆيىمىزدە 2 ۋەلسىپىت، بىر موتسىكلىت بار. تېخى شۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمايۋاتىدۇ، كونا دەپ ياراتمايدۇ، يېڭىسىنى ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ - ھە!...»

بۇ كىچىككىنە ئىشتىن بوۋاي كىچىك ئوغلى قادىرنىڭ ئىدىيىسىدە بەزىبىر بولمىغۇر خاھىشلارنىڭ بىخ يېرىپ چىقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغان ئىدى، شۇڭا بۇ 2 كۈندىن بۇيان بوۋاينىڭ كاللىسىغا كىچىك چاغلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەلسىپىت ۋەقەسى كىرىۋالغان ئىدى. بوۋاي ھازىرمۇ كوزىنى يۇمۇۋېلىپ، بۇنىڭدىن 40 نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن شۇ ۋەقەلەرنى كوز ئالدىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى...

تېلېۋىزور تۈگىگەن بولسا كېرەك، ئانچە ئۆتمەي بالىلىرى قايتىپ چىقىشتى. بوۋاينىڭ خىيالى بۆلۈندى.

— بوۋا - بوۋا، بۈگۈن قىزىق چۆچەكتىن بىرنى ئېيتىپ بەرگىنە! — بوۋاينىڭ كىچىك نەۋرىسى گۈلسۈم يۈگۈرۈپ كېلىپ، بوۋىسىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى.

— كەچ بولۇپ قالدى قىزىم، بوۋاڭلارنى ئاۋارە قىلماڭلار، بۈگۈن ئۇخلاڭلار، — دېدى ئورۇن سېلىپ بېرىۋاتقان مومىسى ئۇنىڭغا قاراپ.

— ياق - ياق، ئەتە يەكشەنبە. مەكتەپكە بارمىغاندىن كېيىن ئېيتىپ بېرىدۇ، ئېيتە - ئېيتە ئوبدان بوۋا...

چوڭ - كىچىك ھەممە بالىلىرى چۇۋۇرلىشىپ، بوۋاينى چۆرى-



دەپ ئولتۇرۇشتى. بوۋاي بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ماقۇل، بۈگۈن سىلەرگە چۆچەك ئەمەس، «شەيتانچاق» ھەققىدە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

— «شەيتانچاق» دېگەن قانداق نەرسە ئۇ؟ — بالىلار ھەيران بولغان ھالدا كوزلىرىنى پارقىرىتىشىپ سوراشتى.

— دۇرۇس، «شەيتانچاق» دېگەن سوزنى سىلەر ئاڭلاپ باقمىغان - ھە؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈپ قويۇپ ۋە ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — بۇرۇنقى زامانلاردا كىشىلەر ھازىر سىلەر مىنىپ يۈرگەن ۋەلسىپىتلەرنى «شەيتانچاق» دېيىشەتتى.

— نېمىشقا بوۋا؟

— نېمىشقا دېسەڭلار، ئۇ چاغلاردا ۋەلسىپىتلەرمۇ كىشىلەرگە ئاجايىپ - غارايىپ نەرسە بولۇپ كورۇنەتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ يىقىلىپ كەتمەي غىقىراپ، سىلىق مېڭىشىغا قاراپ: بۇ شەيتاننىڭ بىر نېمىسى ئېكەن دېيىشىپ، ئۇنىڭغا ئاشۇنداق «شەيتانچاق» دېگەن غەلىتە ئىسىمنى قويۇشقان بولسا كېرەك.

— ئاجايىپ قىزىق ئىسىم قويغان ئىكەن - ھە!

— ئېيتە، بوۋا، چاپسان ئېيتقىنا!

— بۇ چوقۇم قىزىق ھېكايە بولسا كېرەك!

— بولدى - بولدى، گەپ قىلماي ئولتۇرايلى!

بالىلار تۇشمۇ - تۇشتىن چۇۋۇرلىشىپ، كۈلۈشۈپ كېتىشتى، بىراق بوۋىسى كۈلمەيتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ھازىر ئۇنىڭ ساقال باسقان يۈزلىرى باشقا چاغلاردىكىدەك ئىللىق كورۈنمەيتتى، قايغۇلۇق كوزلىرى بىلەن تام - تورۇسلارغا قاراپ قويۇپ، كەينى - كەينىدىن ئۇلۇق - كىچىك تىناتتى.

بۇۋاي بىر ھازادىن كېيىن ئالدىرىماي ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئىشلىگەنلەر جىگدە يەيدىغان، ئوڭدا ياتقانلار گىردە يەيدىغان، ھالۋىنى ھېكىم، تاياقنى يېتىم يەيدىغان زامانلاردا ھازىرقىدەك ئايروپىلان، پويىز، ماشىنا دېيىدىغان نەرسىلەر يوق ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە «شەيتانچاق» دېيىدىغان بىر نەرسە پەيدا بولۇپ قېلىپتۇ، لېكىن ئۇمۇ پەقەت ناھايىتى باي سودىگەر، ئەمەلدارلارنىڭ ئۆيلىرىدە بار ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، بىر باي سودىگەر ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلىغا چەتئەلدىن بىر دانە «شەيتانچاق» ئالدۇرۇپ بېرىپتۇ، باينىڭ بۇ بالىسى خۇددى دادىسىغا ئوخشاشلا ئاتەكاچا، مەمەدانە بىر نېمە بولغاچقا، ھەركۈنى «شەيتانچاق»نى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ، مەھەللىدىكى كەمبەغەل بالىلارنىڭ ئالدىدا كوز - كوز قىلىدىكەن. بالىلار بۇ ئاجايىپ «شەيتانچاق» نى كورىمىز دەپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ تەلمۈرۈپ تۇرۇشۇپ كېتىشىدىكەن. بەزىلىرى: «ئاجايىپ چىرايلىق نەرسىكەنبۇ!» دىسە، يەنە بەزىلىرى: «ئىككى چاقى تۇرۇپ، يىقىلماي كەتمەي قانداق ماڭىدىغاندۇ؟ بۇ راستىلا شەيتاننىڭ بىر نىمىسى ئىكەن!» دېيىشىدىكەن. بىر كۈنى بالىلاردىن بىرسى «شەيتانچاق» نىڭ چاقىنى تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ، شۇنداق قولىنى ئۇزاتقان ئىكەن، باينىڭ بالىسى ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى سېلىپتۇ - دە:

— تارت قولۇڭنى! بۇ سېنىڭ خالىغانچە تۇتۇپ باقىدىغان ئىشەك ھارۋاڭ ئەمەس، نەچچە مىڭ كويلۇق نەرسە بۇ! — دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كېتىپتۇ. بالىلار قورقۇشۇپ كېتىپ، ئىتتىك كەينىگە داجىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېچكىممۇ ئۇنىڭ «شەيتانچاق» ىنى تۇتۇپ بېقىشقا پېتىنالماپتۇ، پەقەت نېرىدا تۇرۇپ قارىشىدىكەن...

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ. باينىڭ بالىسى «شەيتانچاق»نى مىنىشنى بىلمىگەچكە، پۇتىنى ئېلىپلا يىقىلىدىكەن، مىنىشنى زادىلا ئۆگىنەلمەپتۇ. ئاخىرى بولماي، ئۇ بالىلارنى چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بولۇپتۇ، مەن مىنىشنى ئۆگىنىۋالغىچە سىلەر كەينىمدىن يولەپ مېڭىڭلار.

بالىلار خوشال بولۇپ ماقۇل بولۇشۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار باي بالىسى مىنىۋالغان «شەيتانچاق» نى ئىككى تەرەپتىن يولەپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ھاسىراپ - ھومدەپ، تەرلەپ - پىشىپ يۈگۈرىشىدىكەن. بالىلارنىڭ ياردىمى بىلەن باي بالىسى بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن «شەيتانچاق» نى مىنىشنى ئۆگىنىۋېلىپتۇ - دە:

— بولدى، ئەمدى «شەيتانچاق» نى تۇتۇشما! قايسىڭ يېقىن كەلسەڭ مۇشت يەيسەن! — دەپ ۋاقىراپتۇ ۋە ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. ئۇنىڭ بۇ يۈزسىزلىكى بالىلارنىڭ بەكمۇ ئوغىسىنى قايناتتىپتۇ، لېكىن نىمە ئىلاج؟ بىچارە بالىلار ئۇلۇق - كىچىك تىنىشىپ قاراپ قېلىشىپتۇ...

بىر كۈنى قاۋۇل ئىسىملىك بىر بالا «شەيتانچاق» نىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ قويغان ئىكەن، باي بالىسى ئۇنىڭمۇ بۇرنىغا مۇشت بىلەن كەلتۈرۈپ بىرنى سېلىپتۇ. شۇ ھامان بىچارە قاۋۇلنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كېتىپتۇ. قاۋۇل دەرغەزەپ بولۇپ، تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا قاتتىق مۇشتنىڭ تەمىنى بىر تېتىتىپ قويماقچىمۇ بولۇپتۇ - يۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپتۇ. چۈنكى «شەيتانچاق»ى بار

بۇ بالىنىڭ دادىسى شەھەر بويىچە ئاتىغى بار چوڭ سودىگەر ئىكەن، چوڭ ئاكىسى ھاكىم ئىكەن، ھەممىلا ئادەم بۇلاردىن تەپ تارتىدىكەن. بۇ بىر بېشەم ئائىلە بولۇپ، كىشىلەرنى نېمە قىلىۋېتىمەن دېسە، قىلىۋېتەلەيدىكەن. ئەگەر قاۋۇل مۇشۇنداق ئائىلىنىڭ بالىسىنى ئۇرۇپ قويسا، كىشىلەر ئىشىكىدە ئىشلەپ ئاران - ئاران كۈن ئېلىۋاتقان ئاتا - ئانىسىغا تۈگىمەس-پۈتمەس بالايى - ئاپەت تېپىپ بەرمەمدۇ؟ مۇشۇلارنى ئويلاپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ - دە، خەپ توختاپ تۇر، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ماڭىمۇ پەيت كېلەر، شۇ چاغدا چوقۇم ئىنتىقام ئالىمەن! دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ...

بىر كۈنى قاۋۇل دېگەن بۇ بالا دوستلىرى بىلەن بىر دەم ئوينىماقچى بولۇپ تالاغا چىقىپتۇ. قارىسا مەھەللىدىكى بالىلار بىر نەچچە قەدەمدە بىر-بىردىن يەردە قاتار دۈم يېتىۋېلىپتۇ. «شەيتانچاق»نى مىنىۋالغان باي بالىسى بولسا دوڭ تەرەپتىن ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ ئويناۋېتىپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرۈپ قاۋۇل ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىپتۇ. پەقەت ئۆتكەندە «شەيتانچاق»نىڭ چاقىنى تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ مۇشت يېگەن ئاغىنىسى باي بالىسىغا غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ بىر چەتتە تۇرغان ئىكەن، قاۋۇل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ماۋۇ ئىپلاس «شەيتانچاق» بىلەن بالىلارنى بېسىپ ئويناۋېتىپتىغۇ، ئۇلار نېمىشقا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەي ئۇنىڭغا يېتىپ بېرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن تېخى ئۇقماپسەن - دە؟ — دەپتۇ ئۇ بالا قاۋۇلغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ۋە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ، — بايا ئۇ: كىم يەردە يېتىپ بەرسە، مەن ئۈستىدىن



بېسىپ ئۆتۈپ كېتىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن «شەيتانچاق»نىڭ قوڭغۇرىقىنى بىر قېتىم چىرىڭلاتقىلى قويىمەن. بىر قېتىم ئۆتسەم بىر قېتىم، ئىككى قېتىم بېسىپ ئۆتسەم ئىككى قېتىم چىرىڭلىتىمەن، — دېدى. ئۇلار شۇڭا يېتىپ بېرىۋاتىدۇ.

— ھە... مۇنداق دېگىن، — دەپتۇ قاۋۇل ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، — ماۋۇ ھېلىگەر ئىپلاسنىڭ ئويلاپ چىقارغان ئىشىنى قارا! سەنچۇ، سەن نېمىشقا يېتىپ بەرمىدىڭ؟

— ساراڭمۇ مەن! ئۇنىڭ بىر نېمىسىنى بىر قېتىم چىرىڭلىتىمەن دەپ يېتىپ بېرەتتىممۇ؟ — دەپتۇ ئۇ بالا.

قاۋۇل نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ تۇرۇپ كۈلۈپ قويۇپتۇ - دە:

— ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۇچىمىزنى ئالىدىغان پەيت كېلىپتۇ ئاداش. يۈر، بىزمۇ يېتىپ بېرەيلى! — دەپتۇ.

— يېتىپ بېرىپ قانداق ئۇچىمىزنى ئالغىلى بولىدۇ؟ — دەپتۇ ئۇ بالا ھەيران بولۇپ، قاۋۇل يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمە دەپ پىچىرلاپتۇ. ئۇ بالا خوشال بولۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ - دە، شۇ ھامان ماقۇل بولۇپتۇ.

ئانچە ئۆتمەي بۇلار ئىككىسىمۇ بالىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يېتىۋېتىپتۇ. باي بالىسى كۆرەڭلىگەن ھالدا «شەيتانچاق»نى مىنىپ، قاۋۇلنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە بىر - ئىككى قېتىم چاندۇرماي يېتىپ بېرىپتۇ. باي بالىسى ئۈچىنچى قېتىم ئۇنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ «شەيتانچاق» بىلەن ئوقتەك ئۇچۇپ كەلگەندە قاۋۇل ئىتتىككىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. باي بالىسى ئۇنىڭغا پۈتلىشىپ، تىك موللاق يىقىلىپتۇ - دە، بېشى تام تۈۋىدىكى بىر كوتەككە تېگىپ ھوشىدىن

كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قاندا بويۇلۇپ ياتقانلىقىنى كورگەن باللار تەرەپ - تەرەپكە قېچىشىپ، بىر دەمدىلا كوزدىن غايىپ بولۇشۇپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن باينىڭ ئۆيىدىكىلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ:
— باللىمىزنى كىم يىقىتتى! — دەپ جار سېلىشىپتۇ، لېكىن ئەھۋالدىن خەۋىرى بار بىر نەچچە كىشى:
— ئۇنى ھېچكىم يىقىتمىدى، ئۆزى باللارنى «شەيتانچاق» بىلەن دەسسىتىپ ئويناپ يىقىلدى، — دېيىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى خېلى سورۇشتۇرۇپ ئۇششۇقلۇق قىلىپ باققان بولسىمۇ، گۇنا ئۆز بالىسىدا بولغاچقا، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ گەپ قىلالماي قېلىشىپتۇ...

باي بالىسىنىڭ مېڭىسى ئېغىر زەخىملەنگەچكە 4 - 3 ئايدىن كېيىن ئاران ساقىيىپتۇ، ساقايغاندىمۇ دەلدۈش بولۇپ ساقىيىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىدىكى باللارمۇ «شەيتانچاق» نى قايتا كورمەپتۇ. بەزىدە باللار ئۆز ئارا پاراڭلاشقان چاغلىرىدا قاۋۇل دېگەن بۇ بالىنى ماختاپ:
— ئۇ ئېپلاسنى ئەجەپ ئوبدان جايلىدىڭ ئاداش، ھەممىمىز دەردىمىزنى ئالدۇق! — دېيىشىدىكەن. بەزى باللار:
— بىزنىڭمۇ ئاشۇنداق «شەيتانچاق» ىمىز بولۇرمۇ؟ بولغان بولسا ياخشى بولاتتى - ھە! — دېيىشىپ ئارمان قىلىشىدىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ تاتلىق ئارزۇ - ئارمانلىرى خىيال بولۇپ قېلىۋېرىپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئوتۇپتۇ. ئاخىرى ئۇلارمۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىپتۇ. قاۋۇل دېگەن بالا 35 ياشلارغا كىرگەندە ئالەم ئۈزگىرىپتۇ، قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كونا جەمىيەت يوقىلىپ، نۇرلۇق تاڭ ئېتىپتۇ. ئېزىلگەن، جاپا چەككەن ئەمگەكچى خەلق



www.uyghurkitap.com

ھەقىقى ئازاتلىققا ئېرىشىپ، دولەتنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلىنىپتۇ. قاۋۇلمۇ شەرەپلىك ھالدا پولات ئىشچىسى بولۇپ، بەختلىك كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ، ئوتمۈشنىڭ ئېغىر ئازاپ - كۈلپەتلىرىنى تارتقاچقا، پارتىيىدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ تىرىشىپ ئىشلەيدىكەن. نەچچە قېتىم ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ تەقدىرلىنىپتۇ. ئاجايىپ شان - شەرەپلەرگە ئىگە بولۇپتۇ. تۇرمۇشىمۇ كۈندىن - كۈنگە باياشات ئوتۇپتۇ. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتىن غەم قىلمايدىكەن. ئوغۇل - قىزلىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ دولەتنىڭ كادىرى بولۇپتۇ. ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور، دەمسىلەر، ئۇنالغۇ دەمسىلەر، موتسىكلىت، ۋېلسىپىت دەمسىلەر ھەممىسى بار ئىكەن، بىراق، بىراق...

بوۋاي ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى سوزلىيەلمەي، ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالدى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن ھېكايە ئاڭلاۋاتقان باللىرى ئىتتىك بېشىنى كوتىرىشىپ بوۋىسىغا قاراشتى؛
شۇ ئەسنادا ھاياجانلىنىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن
غەيرەت:
— دادا - دادا، مەن ھەممىنى چۈشەندىم، ئاشۇ قاۋۇل دېگەن بالا چوقۇم سەن، سەن بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى سوزلەۋاتىسەن، راستمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىۋەتتى.
بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى - دە:
— توغرا دەيسەن ئوغلۇم، شۇ قاۋۇل دېگەن بالا مەن. مەن سىلەرگە ئوزەمنىڭ بېشىمدىن ئوتكەن ئىشلارنى سوزلەپ بەردىم، — دېدى.
— ۋىدېي، — دېدى نەۋرىسى گۈلسۈم كوزلىرىنى پارقىرىتىپ چوچۇگەن ھالدا، — ھېلىقى ئەسكى باي بالىسىنىڭ «شەيتانچاق»

دىنى جىرىڭلىتىپ قويۇپ مۇشت يېگەن بالا سەنمىدىڭ بوۋا؟!
— شۇنداق قىزىم، مەن - مەن ئىدىم!
بالىلار بوۋىسىغا ئىچىنى ئاغرىتقان ھالدا قارىشىپ قېلىشتى. بوۋاي ئۇھ تارتىپ قويۇپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:
— بۇنىڭ ھەممىسى راست ئىشلار باللىرىم. بىزنىڭ بالىلىق چاغلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئازاپ - كۈلپەت ئىچىدە ئۆتكەن. ۋەلسىپىتكە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ بېقىشقىمۇ ئېرىشەلمىگەن. بۈگۈنكى بالىلار بولسا، خۇددى ياغنىڭ ئىچىدىكى بورەكتەك راھەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارغا ھەممە نەرسە تەييار. لېكىن بەزى بالىلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە قانداق جاپادا ياشىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، بۈگۈنكى راھەتلىك تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ. مۇشتەك تۇرۇپ كىيىم ياراتمايدۇ، تاماق تاللايدۇ، تېخى بەزىلىرى سائەت تاقايمەن، يېڭى ۋەلسىپىتلەرنى مىنىمەن دەپ يوغان گەپلەرنى قىلىدۇ. سىلەر ھەرگىز مۇنداق ناچار خىياللاردا بولماڭلار باللىرىم، ماقۇلمۇ؟
— ماقۇل.
— ئەمدى ئۇخلاڭلار. ئەتە يەنە داۋامىنى ئېيتىپ بېرەي.
— بوۋا، بۇ بەك ياخشى ھېكايە ئىكەن. بىزگە كۈندە مۇشۇنداق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى گۈلسۈم خۇشال ۋاقىراپ.
— بولىدۇ. سىلەر ئاڭلىساڭلارلا مەن ئېيتىپ بېرىمەن؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈپ.
ئەتىدىن باشلاپ بوۋاي بالىلىرىدا يېڭىچە بىر خىل ئۆزگىرىشنى سەزدى. بۇرۇن مومىسى: — بۈگۈن نېمە تاماق ئېتىمىز،



نېمە يەيسىلەر؟ — دېسە، بىرسى: — مەن جۇۋاۋا يەيمەن، — دېيىشتى، يەنە بىرسى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ: — مەن پولو يەيمەن! — دېيىشتى، بىرسى: — مەن پولو يېمەيمەن، لەغمەن يەيمەن! — دېيىشتى. مومىسى: — سۈيقاشنىمۇ سېغىنىپ قالدۇق، سۈيقاش ئېتەي، — دېسە، ھەممىسى قارشى چىقىپ: — سۈيقاش دېگەننى ھەرگىز ئەتمە، ئۇنى كىم ئىچەتتى؟ — دېيىشەتتى. نېمە تاماق ئېتىشنى بىلمەي مومىسىنىڭ بېشى قېتىپ كېتەتتى. ئەمدى مومىسى: — بۈگۈن نېمە تاماق يەيسىلەر؟ — دېسە،
— نېمە ئەتسەڭ مەيلى، ھەرگىز تاللىمايمىز! — دېيىشتى.
قادىرمۇ ئاكىسىنىڭ يېڭى ۋەلسىپىتىنى تالاشمىدى، ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا كونا ۋەلسىپىتىنى سۈرتۈپ پاكىز تازىلايدىغان بولۇپ قالدى. بالىلىرىدىكى بۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، بوۋاينىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى...

1981 - يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى

※※※※※※

# يالغان ئاغرىقنىڭ راستقا ئايلىنىپ قېلىشى

ئەركىن ھويلىدىكى كىگىز سېلىنغان سۇپىدا ئېغىناپ ياتاتتى. «بالىلىرىمنىڭ قوسىقى ئېچىپ كەتتى، تاماقنى ئىتتىك رەك پىشۇراي» دېگەن نىيەت بىلەن قازان بېشىدا پۇت - قولى يەرگە تەگمەي پىرقىراپ يۈرگەن مەريەمخان بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، يۇۋاشلاپ قالغان ئوغلى ئەركىنگە پات - پات قاراپ قوياتتى. خېلىدىن كېيىن ئۇ:

— بالام، زاۋال بولۇپ قالدى، ياتماي ئورە ئولتۇر، مانا، ئاشنى قازانغا سالسالا پىشىدۇ، ئۇكاڭ نەدە ئويناۋاتىدىكىن، چاقىرىپ، قولۇڭلارنى يۇيۇپ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى.

شۇ ئارىدا ئەركىننىڭ 40 ياشلاردا بار، ئېگىز بويلۇق، خۇش خۇي دادىسى قادىر ئاكا ئۆيدىن چىقىپ:

— ئوغلۇم، بۈگۈن نېمە بوادۇڭ؟ يېنىڭنى يەر تارتىپ قېلىپتىغۇ، قوسىقىڭ بەك ئېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ - ھە؟ تۇر، ئۇكاڭنى چاقىرىپ كىر، — دېدى ۋە ئەركىننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ نېمىدىندۇ قورققاندەك غەلىتە پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قويدى.



ئەركىن خۇشياقمىغاندەك ئېرىنىپ تەستە ئورنىدىن تۇر- دى، ھازىر ئۇنى ئىشقىمۇ بۇيرۇماي، تاماققىمۇ زورلىماي ئادام- خۇدا ياتقىلى قويغان بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ھە. مانا ئەمدى تاماق يە دەپ زورلىغىلى تۇرسا نەگىمۇ يەيدۇ؟ قوسىقى بەك تويۇپ كەتكەنلىكتىن كۆڭلى ئېلىشىپ ئاران تۇرۇۋاتسا، دادىسى تېخى: — قوسىقىڭ بەك ئېچىپ كەتكەن ئوخشاي- دۇ - ھە، — دەۋاتىدۇ. ئەمدى ئىش چاتاق بولىدىغان بولدى! ھېلى تاماق يېمىسە، نېمە يېگەنتىڭ، نېمە بولدۇڭ؟ دەپ سۈرۈشتۈر- گىلى تۇرىدۇ، يەي دېسە ئۆتمەيدۇ، نېمە دېسە بولۇر؟... ھە، راست، ئاغرىپ قالدىم، ھېچنېمە يېگۈم يوق دەپ تۇرۇۋالسا بولىدىغۇ...

ئەركىن شۇ خىياللار بىلەن سۇپىدىن ئاستا چۈشتى - دە، ئۆيدىكى ئودەكتەك ئىڭاڭلاپ تالاغا ماڭدى. ئۇكىسى سۇ تۇرۇ- خۇدىكى ئودەكتەك... بىسىنىڭ يېنىدا بىر مۇنچە بالىلار بىلەن نېمىلەرنىدۇ دەپ چۇقۇرىشىپ ئويناۋاتاتتى.

— ھەي ئالىم، تاماق پىشتى، قايتىپ كەل! — دەپ ۋاقىرىدى ئەركىن ۋە ئۇكىسىنىڭ كەينىدىن ئالدىرىماي مېڭىپ ھويلىغا قايتىپ كىردى. بۇ چاغدا قاش قارىيىپ قالغان ئىدى. كاۋا بارىڭى ئاستىدا — چاقناپ تۇرغان لامپۇچكىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىلەر، پاشا - كۆمۈتىلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

ئەركىن ئاللىقانداق خىياللارغا چوكۇپ، سۇپىنىڭ بىر بۇر- جىكىدە شۈك ئولتۇراتتى. ئانچە ئۆتمەي داستىخان سېلىندى. ئەركىنمۇ ئىلاجىسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى يۇغاندىن كېيىن داستىخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىراق ئاپىسى ئېلىپ كېلىپ قويغان ئالدىدىكى تاماققا قاراپلا كۆڭلى تېخىمۇ ئېلىشقاندەك بولدى - دە، سېسىق كېكىرىپ تەتۈر قارىۋالدى.



www.uyghurkitap.com

— ئېشىكنى يىمەي نېمە ئولتۇرىسەن بالام؟ چىنىنى قولۇڭغا ئال، — دېدى ئاپىسى كويۇنگەن هالدا ئوغلىغا قاراپ.
— تاماق يىمەيمەن ئاپا...
— نېمە، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ، بالام؟ — مەريەمخان چوچۇپ كېتىپ، ئەمدىلا قولىغا ئالغان چىنىسىنى داستىخانغا قويدى - دە، ئەركىنگە تىكىلدى.
— ئاغرىپ قالدىم، كوڭلۇم ئېلىشىپ...
قادىر ئاكىمۇ ئەنسىرىگەن هالدا ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالقىنى بىلەن ئەركىنىنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتى، لېكىن هېچقانداق قىزىش ئالامىتى سېزىلمىدى.
— جېنىم بالام، تۈزۈك گەپ قىلساڭچۇ، نەرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ، — مەريەمخانىنىڭ ئاۋازى تىترەپ، يىغلاۋاتقاندەك چىقىپ كەتتى.
ئەركىن لام-جىم دېمەي بېشىنى تۆۋەن سالدى ...
شۇنىڭدىن كېيىن هېچكىمنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى. ساپ-ساقلا بالا ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قالسا، قايسى ئاتا-ئانىنىڭ كوڭلى پاراكەندە بولمىسۇن؟
— سىلى باللار بىلەن ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، — دېدى مەريەمخان دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە چاپىنىنى كىيىۋېتىپ سوزلەپ كەتتى، — گېلىمدىن تاماق ئۆتمىگەندەك ئەمەس، غىققىدە بولۇپ قالدىم. مەن بۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ كېلەي، كىم بىلىدۇ، باشقىچە بىر خەتەرلىك كېسەل بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە!
— ياق، بارمايمەن ئاپا، ئەتىلا ساقىيىپ قالىمەن! — ئەركىن دوختۇرخانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا هودۇقۇپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— قىزىق گەپ بولدى - دە! ئەتىلا ساقىيىپ قېلىشىڭنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ كېسەلگە سەل قارىغان بىلەن بولمايدۇ



بالام، تۇر ئورنۇڭدىن!
ئەركىن ئاپىسىنىڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىمەن دەيدى-غانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇ تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ:
— بارمايمەن، ئەتىلا ساقىيىپ قالىمەن، — دەپ خېلى تەتۈرلۈك قىلىپمۇ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ تەتۈرلۈكى، يېلىنىشلىرى كارغا كەلمىدى.
— جاهىللىق قىلما بالام، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى دادىسى سەل خاپا بولغاندەك قىلىپ، — هازىر جىددى ئىمتىهانغا تەييارلىق قىلىۋاتىسەن، يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىمتىهان باشلىنىدۇ. بۇ يىل سىنىپ ئاشالماي قالساڭ يەنە 3 - سىنىپتا ئوقۇمسەن؟ ياق، دوختۇر تەكشۈرۈپ باقسۇن، ئىتتىك ماڭ!
نېمە ئىلاج؟ ئاپىسى ئاخىرى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى. تېخى بىر يەرگە قېچىپ كېتىمىدىغاندەك ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭ قولىدىن مەهكەم تۇتۇۋالغىنىنى دېمەمسىلەر!
— ئىم، چاتاقنىڭ چوڭى ئەمدى چىقىدىغان بولدى! مەن نەخمەق نېمىشقىمىدۇ ئاغرىپ قالدىم دىگەندىمەن؟ بىر ساۋاقدىشىمنىڭ ئويىدە تاماق يېگەنلىكىمنى دېسەم بولۇپتىكەن - دە!... بىراق، قايسى ساۋاقدىشىڭنىڭ ئويىدە، قاچان بارغانىدىڭ دەپ سوراپ قالسىچۇ؟... يەنىلا تۇتۇلۇپ قالىدىكەنمەن. هەي... دۇنيادا يالغان سوزلەشتىن ئەسكى ئىش يوق ئىكەن، «يالغانچىنىڭ قۇيرۇغى بىر تۇتام» دىگەنىدەك هەرقانچە قىلساڭمۇ چېنىپ قالىدىكەن! مانا، بىكاردىن - بىكار ئوزەمگە - ئوزەم ئىش تاپتىم. ئاتا - ئانامنىمۇ ئاۋارە قىلدىم، هەي، دوختۇردەك يامان نېمە يوق، ئۇلارنىڭ هەر خىل ئەسۋاپلىرى، تەكشۈرگۈچلىرى بار، تەكشۈرۈپ كورۇپلا سىرىمنى بىلىۋالسا قانداقمۇ قىلارمەن؟... ئىسىت - ئىسىت، ئاغرىپ قالدىم دىگەن گەپنى قىلماي، ئىسسىپ كەتتىم دەپلا تاماقنى كوتىرىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسام، ئىشىك ئالدىدا خوشنىمىز ئادىللارنىڭ

توخۇ كاتىكى بار ئەمەسمىدى؟ ئاشنى شۇنىڭغىلا توكۇپ قويغان بولسام زادىلا چانىمايتتى. ئەمدى ئىش تۈگىدى، چاتاق بولدى ...،

ھەر خىل پەلەپەتىش خىياللار بىلەن ئەركىننىڭ يۈرىكى سىيلىپ، پۇتلىرى ئىختىيارسىز ئالمىشىپ ماڭالماي قالدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بىر چىرايلىق يېنىپ تۇرغان كوچا چىراقلىرى ۋە ئۇياقتىن-بۇياققا غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ۋال-ۋۇل نۇر چاقنىتىشلىرى ئۇنىڭغا باشقىچە كۆرۈنۈپ، راستلا بىشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى.

— نېمە بولۇۋاتىسەن جېنىم بالام؟ ئەنە، دوختۇرخانىغا ئاز قالدۇق، — مەريەمخان تېخىمۇ ئەنسىرەپ ئۇنى يۆلىۋالدى. ئەركىن چانىدۇرماسلىق ئۈچۈن خۇددى راستلا ئاغرىپ قالغان كىشىدەك مۈكچىيىپ، زورمۇ-زور ئىنچىقلاپ قويدى.

مەھەللىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر كوچىدا ھەربىلەرنىڭ كىچىكرەك بىر دوختۇرخانىسى بار ئىدى، شۇڭا مەريەمخان ئەركىننى ئاۋال ئاشۇ دوختۇرخانىغا كۆرسىتىپ باقماقچى، ئەگەر كېسەللى ئېغىر بولۇپ چىقسا، شەھەرلىك 1 - دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇپ، ھەربىي دوختۇرخانا تەرەپكە قايرىلدى.

دوختۇرخانىنىڭ كىچىككىنە ھويلىسى جىمجىت ئىدى. كەڭ دەرىزىلەردىن ئېلىپكتىر چىرىغىنىڭ ئاپپاق نۇرى ھويلىغا چۈشۈپ تۇراتتى.

— مانا، دوختۇرلارمۇ بار ئىكەن، ھەرگىز قورقما بالام، ئۇلار سېنى تەكشۈرۈپ باقىدۇ. نېمە ئانچە كەينىڭگە داجىسەن؟ قورقما ئوبدان قوزام، ھەرگىز قورقما، — دېدى مەريەمخان دوختۇرخانا ھويلىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئوغلىغا تەسەللى بېرىپ.

ئۇلار بىناغا كىرىپلا ئوڭ قول تەرەپتىكى دىجورنى بولۇمىگە



كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى تامغا يۆلىنىپ گېزىت كۆرۈپ ئولتۇر[illegible]غان، ئاق خالاتلىق چىرايلىق بىر قىز ئىتتىك ئورنىدىن [illegible] قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ كېسەل كۆرسەتمىشكە كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئەركىننىڭ ئىسمى، يېشى قاتارلىقلارنى سوراپ بىر قەغەزگە يازدى. ئاندىن ياندىكى بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى.

بۇ ئۆي ھىلىقىنىڭكىدىنمۇ چوڭ ئىدى. ئۆينىڭ تۆرىدە ياشانغان كۆزەينەكلىك بىر دوختۇر ئولتۇراتتى. ئەركىننىڭ كۆزى دوختۇرنىڭ شەپكىسىدىكى چىراق نۇرىدا تېخىمۇ چىرايلىق يالتىراپ كەتكەن چوغدەك بەش يۇلتۇزغا چۈشتى، دوختۇر بۇلارغا كۆزەينىكىنى بۇرنىغا چۈشۈرۈپ سەپسېلىپ قاردۇۋەتكەندىن كېيىن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دىجور بەرگەن قەغەزگە قاراپ چىقىپ، ئەركىننى ئالدىغا چاقىرىپ ئولتۇرغۇزدى-دە، مۇلايىملىق بىلەن سوراشقا باشلىدى:

— ھە، شاكىچىك نېمە بولدۇڭ!

— ئاغرىپ قالدىم، — قورقۇپ، رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن ئەركىننىڭ ئاغزىدىن بۇ جاۋاپ ئارانلا چىقتى.

— ئاغرىپ قالغىنىڭنىمۇ بىلدىم، — دېدى دوختۇر كۈلۈپ قويۇپ، — نەرىڭ ئاغرىيدۇ دەۋاتىمەن.

— ساپ-ساقلا بالا ئىدى، ئۇشتۇمتۇت مىجەزى يوق بولۇپ قالدى. كوڭلۇم ئېلىشىدۇ دەيدۇ، تاماقمۇ يېمىدى، — ئۇنىڭ ئورنىدا ئاپىسى جاۋاپ بەردى.

— دوختۇر يېقىن كېلىپ، باشمالتاق قولى بىلەن ئەركىننىڭ قاپاقلىرىنى يۇقۇرى قايرىپ تۇرۇپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بېشىنى تۇتۇپ بېقىپ:

— تىلىڭنى چىقارغىنا، — دېدى. قورقۇپ كەتكەن ئەركىن



www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا تىلىنى چىقاردى. شۇنىڭدىن كېيىن دوختۇر يەنە تىڭشىغۇچنى قۇلىقىغا سالدى-دە، ئەركىننىڭ كۆينىكىنى قايرىپ مەيدىسىگە، دۈمبىسىگە قويۇپ تىڭشاپ باقتى. قوساقلىرىنى مۇجۇپ تۇتۇپ بېقىپ، بىر پەس ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— چوڭ چاتاق يوق، قوسىقىڭ بەك تويۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ، بىر نىمىنى كۆپ يەۋەتكەن ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سورىدى.

بۇ گەپتىن ئەركىننىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ كەتتى-دە، ئالدىراپ-تېنەپ:

— ياق، ياق، ھېچنىمە يېمىدىم! — دەپ كۆينىكىنى چۈشۈرۈپ، تومپىيىپ تۇرغان قوسىقىنى يېپىۋالدى.

دوختۇر نىمىنىدۇ سەزگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

— ئازراق كۆڭلۈڭ ئېلىشىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەركىن بېشىنى چايقاپ بولۇپ يەنە دەرھاللا:

— ھە-ھە ... — دەپ يەرگە قارىۋالدى.

— تاماق ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان دورا بېرەي، دورىنى يەپ، قايناق سۇنى كۆپرەك ئىچكىن، — ئاندىن دوختۇر ئەركىننىڭ ئاپىسىغا قاراپ تەسەللى بېرىشكە باشلىدى، — قورقماڭ، ھېچگەپ يوق. بىر نەرسىنى كۆپرەك يەپ قويغان ئوخشايدۇ.

دوختۇر بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئەركىننىڭ مولدۇرلەپ تۇرغان قاپ-قارا، چىرايلىق كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى ۋە ئەجەپ يامان دوختۇركىنا! بىر نەرسىنى كۆپ يەپ قويغان ئوخشايدۇ دەۋاتىدۇ، نىمە يېگەنلىكىمنى پاش قىلىۋەتسە قانداقمۇ قىلارمەن؟ دەپ ئويلاپ، ئىتتىك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. تەلىيىگە دوختۇر ئۇنىڭ نىمىنى كۆپ يېگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىدى.

مەريەمخان ئورنىدىن تۇرۇپ، دوختۇرغا رەھمەت ئېيتتى-



دە، دوختۇرخانىدىن دورىنى ئېلىپ، ئەركىننى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى.

× ×

ئۇلار دوختۇرخانىغا كەتكەندىن كېيىن قادىر ئاكا غەم-غۇسسىغا چۈشۈپ زادىلا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇينىڭ ئىچىدە توختىماي ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭاتتى، تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قاراپ باقاتتى، تۇرۇپ چىرايلىرى تاتارغان ھالدا ئوغلى ئالدىغا قاراپ:

— ئاكاڭ نىمە كېسەل بولۇپ قالغاندۇ بالام، چاتاق بولدى، ئىمتىھان ۋاقتىدا تازا چاتاق بولدى! — دەپ قوياتتى. ئۇ كەينى-كەينىدىن تاماكا چېكىپ، ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغاندا ئىشىك ئېچىلدى.

— دوختۇر نىمە دىدى؟ — قادىر ئاكا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىراپ سورىدى.

مەريەمخان چاپانلىرىنى سېلىپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى:

— باشقا ئاغرىق يوق، قورقماڭلار، بىر نەرسىنى كۆپ يەۋەتكەندەك قىلىدۇ دەپ بىرئاز دورا بەردى. باشقا گەپ قىلمىدى.

قادىر ئاكا ھەيران بولغان ھالدا ئەركىنگە قاراپ:

— نىمە يېگەن ئىدىڭ ئوغلۇم؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچنىمە يېمىدىم، — ئەركىن شۇ سۆزنى قىلىپلا نىمىدىنىدۇ خۇدۇكسىنغاندەك ئىچكىرىكى ئۆيگە ئىتتىك كىرىپ كەتتى.

— بالام، دورىڭنى ئىچىۋالغىن، — دىدى ئاپىسى پىيالىگە قايناق سۇ قۇيۇۋېتىپ، — مەن تامىقىڭنى ئازراق يەۋېلىپ ئورۇن سېلىپ بېرەي، يېتىپ دەم ئال. خۇدايىم شىپالىق بەرسە ساقىيىپ قالارسەن.

دورىنى ئىچەي، بولمىسا يالغان ئاغرىتىلغىنىم تېخىمۇ چىڭىپ قالمىسۇن دەپ ئويلىدى ئەركىن، شۇڭا ئۇ كۆزىنى يۇمۇپلا دورىنى ئىچىۋېتىپ، ئورنىغا كىرىپ ياتتى-دە، دوختۇرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«زادى نىمە يىگەنتىڭ، راستىڭنى ئېيت!» دەپ سوزۇشتۇرۇپ كېتىمگەنلىكىدىن بەكمۇ خوشال بولۇپ كېتىپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى، لېكىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، گاھ بېشىنى تۇتۇپ باقاتتى، گاھ: «چاي ئىچەمسەن، ئازراق بىر نەرسە يەمسەن؟» دەپ سورايتتى. خېلىدىن كېيىن مەريەمخان نىمىنىدۇ ئېسىگە ئېلىپ، خوشال ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— راست، چۈشتە يېنىمىزدىكى ماگىزىنىدا خورما سېتىۋېتىپتىكەن، بىر يېرىم كىلو ئېلىپ كېلىپ قويغان ئىدىم، تاماقمۇ يېمىدىڭ بالام، يۇيۇپ بېرەي، 6 ـ 5 تال يەپ باقىڭىنا، كالام ئېلىشىپ، ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن! — دېدى ۋە ئىشكاپ تەرەپكە ماڭدى. بۇ گەپ ئەركىنگە خۇددى بومبا پارتلىغاندەك ئاڭلاندى، نىمە قىلىشىنى بىلمەي دەرھال تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى.

مەريەمخان ئىشكاپنى ئېچىپ، خورما بار تور سومكىنى قولىغا ئېلىپلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. بىر هازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، قادىر ئاكىدىن سورىدى:

— هوي، ماۋۇ سومكىدا خورما بار ئىدى، سىلى بىر يەرگە ئېلىپ قويلىمۇ، يوق تۇرىدىغۇ؟

— خورما دەمسەن؟ — دېدى قادىر ئاكىمۇ هەيران بولۇپ، — خورما ئېلىپ كەلگىنىڭنى ئەمدىلا ئاڭلاۋاتىمەن.

— ئەركىن، سەن بىر يەرگە ئېلىپ قويدۇڭمۇ بالام؟

ئەركىن جاۋاپ بېرىشىنىڭ ئورنىغا زورمۇ ـ زور قۇرۇق يۆتىلىپ قويۇپ، ئەديالنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقتى.

— تۇۋا ... بىردانىمۇ يوققۇ!

— ئەركىن، سەن يىگەنمىدىڭ؟ — سورىدى قادىر ئاكا.

— ......



ئەركىن يەنە جاۋاپ بەرمەي ئىنچىقلاپ قويدى.

— هەي ... بۇنىڭ تاماق يېمىگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە! — دېدى قادىر ئاكا بىر نەرسىنى سەزگەندەك مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ، — بۇنى تەكشۈرگەن دوختۇرمۇ ئۇستا ئىكەن، بىر نەرسىنى كوپ يەۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ توغرا دىاگنوز قويۇپتۇ!

— ۋاي خۇدايىم، نىمە دەۋاتىدىلا؟ — مەريەمخان چوچۇپ ۋاقىرىۋەتتى، — بىر يېرىم كىلو خورمىنى يەپ قانداق سىڭدۈرەلەيدۇ بۇ؟ بالام راستىلا هەممىسىنى سەن يەۋەتتىڭمۇ؟

— ......

ئەديالنىڭ ئىچىدىن ئەركىننىڭ خىرقىلداپ يىغلىشى ئاڭلاندى. ئەمدى ئىش ئاشكارىلىنىپ قالغان ئىدى. ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغان:

چۈشتە مەريەمخان خورمىنى ئېلىپ كەلگەندە ئەركىن تېخى مەكتەپتىن قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. ئۇ: «كەچتە يۇيۇپ بېرەرمەن» دەپ ئىشكاپقا سېلىپ قويدى ـ دە، باللىرىنىڭ چىيىنى بەردى. ئاندىن ئىشقا ماڭماقچى بولۇپ ئەركىنگە:

— بالام، مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە ئوينىماي يۈرمەي، ئۆيدە ئولتۇرۇپ، دەرسىڭنى ئۆگەنگىن جۇمۇ، — دېدى.

— چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە بارمايمىز ئاپا، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىشى بار ئىكەن، جىق تاپشۇرۇق بەردى، — دېدى ئەركىن.

— ئۇنداق بولسا بولۇپتۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ، تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلىگىن.

ئاپىسى كەتكەندىن كېيىن ئەركىن دەپتەرلىرىنى ئېلىپ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشتى، ئۇكىسى ئالىم بىر دەم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، پارچە ـ پۇرات قەغەزلەرگە رەسىملەرنى سىزىپ ئوينىدى. زېرىككەندىن كېيىن تالاغا ئوينىغىلى چىقىپ كەتتى.

جىلىدىن كېيىن ئەركىننىڭ قورسىقى ئېچىتاندەك بولدى، ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پارچە ناننى ئالدى. دەل شۇ چاغدا ھەركۈنى ئاخشىمى ئاپىسىنىڭ ئازراق ناننى ھەسەلگە مىلەپ بېرىدىغىنى ئېسىگە چۈشتى - دە، ناننى ھەسەلگە مىلەپ يېمەكچى بولۇپ ئىشكاپنى ئاچتى. ئۇنىڭ كوزى تور سومكىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى گېزىتكە ئوراقلىق نەرسىنى ئېچىپ قاراپ بېقىۋىدى، خورما ئىكەن. ئەركىن خوشال بولۇپ كېتىپ، بىر نەچچە تالنى ئاغزىغا سالدى. پاھ، قالتىس تاتلىقتۇ! ئۇ ئەمدى ھەسەلنىمۇ ئۇنتۇدى، قولىدىكى ناننى شىرەنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، خورمىنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى. يېگەنسېرى شۇنچە تاتلىق تېتىپ كەتتى. خېلى يېگەندىن كېيىن ئىشكاپنى يېپىپ قويۇپ، يەنە تاپشۇرۇقلىرىنى يېزىشقا باشلىدى. بىراق ئاغزىنى تامشىپ، دەممۇ - دەم ئىشكاپقا قاراپ قوياتتى. ئاخىرى چىداپ تۇرالماي جىق ئىكەنغۇ، يەنە ئازراق يەي، ئاپام بەرىبىر بىزگە بېرىدىغۇ، ھازىر يېسەممۇ، كېيىن يېسەممۇ ئوخشاشقۇ، دېگەنلەرنى كوڭلىدىن ئوتكۈزدى ۋە ئىشكاپنى ئېچىپ، يەنە بىر چاڭگال خورمىنى ئالغاندىن كېيىن تاپشۇرۇغىنى يېزىشقا كىرىشتى. شۇ ئەسنادا ئۇشتۇمتۇت ئۇكىسى ئالىم يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ قالدى. ئەركىن چاققانلىق بىلەن خورمىلارنى يانچۇقىغا سېلىپ ئۈلگۈردى. بىراق ئاغزىدىكىنى يۇتۇۋېتەلمىدى. ئۇكىسى ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كورۈپ:

— ئاكا، نېمە يەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— نان، — دېدى ئەركىن ئالدىدىكى ھېلىقى بىر پارچە ناننى ئىشارە قىلىپ.

— مەنمۇ يەيمەن.

— ئال، مۇشۇ ناننى يە.



ئالىم ناننى ئېلىپ يەنە تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن خەت يازغاچ يانچۇقىدىكى خورمىنىمۇ يەپ بولدى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر خەتنى چىرايلىق يازالماي-ۋاتاتتى. ئۇنىڭ كوزى ئىختىيارسىز يەنە ئىشكاپقا تىكىلەتتى.

بولۇپتۇلا، ساناپ تۇرۇپ 10 نى ئالاي، ئۇنىڭدىن كېيىن تاپشۇرۇقلىرىمنى يازاي. ئۇ يەنە يۈگۈرۈپ بېرىپ، ساناپ تۇرۇپ 10 نى ئالدى. قىزىق ئىش - ھە؟ خورما دېگەن بۇ كاساپەت ھەم يۇمشاق، ھەم تاتلىق بولغاچ گالدىن بەكمۇ ئىتتىك، سىلىق ئوتۈپ كېتىدىكەن! ...

بولدى، ئىككىنچى قېتىم بولسۇن، يەنە 8 نى ئالاي، ئۇنىڭدىن كېيىن راستلا يېمەيمەن. بۇ قېتىم ئۇ يەنە 8 نى ئالدى. شۇنچە ئالدىرىماي شۈمۈپ يېگەن بولسىمۇ، بىر دەمدىلا تۈگەپ كەتتى. يەنە ئالدى، يەنە ئالدى...

شۇنداق قىلىپ، تاپشۇرۇقلىرىنى ناھايىتى تەستە ئىشلەپ بولدى. ئەمدى تالادا بىر دەم ئويناقچى بولۇپ چىقىپ كېتىپ بېرىپ، ئىختىيارسىز يەنە ئىشكاپقا قاراپ تۇرۇپ قالدى، راستلا ئاخىرقى قېتىم بولسۇن، ئەمدى ھەرگىزمۇ ئالمايمەن.

ئۇ ئىشكاپنى ئېچىپ، تور سومكىغا قولىنى تىقتى - دە، چوچۇپ كەتتى. خورما ئازلا قېلىپتۇ. ھەممىسىنى ئېلىپ ساناپ بېقىۋىدى، ئاران 10 نەچچە تاللا چىقتى!

ئاپلا ... چاتاق بولۇپتۇ! نېمە ئانچە كوپ يەۋەتكەندىمەن؟ قورسىقىمۇ چىڭقىلىپ كېتىپتۇ. يا ئۇكامغا بەرمەپتىمەن. ياق - ياق ئەمدى بەرسەم بولمايدۇ. ماڭا ئاز بەردىڭ دەپ جېدەل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كورە ئوزەملا يەۋېتىپ كورمىدىم، دېسەملا بولمامدۇ؟

ئۇ قالغان خورمىنىڭ ھەممىسىنى ئالدى، لېكىن قورسىقى تويۇپ \ كەتكەنلىكتىن زادىلا يېگۈسى كەلمىدى. يانچۇقىغا سالدى-

www.uyghurkitap.com

دە. ئالاغا چىقىپ كەتتى. كەچكىچە ئويناپ، بىردىن ئىككىدىن ناھايىتى تەسلىكتە يەپ تۈگەتتى، لېكىن مەيدىسى ئېچىلىشىپ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولۇپ، ئويناشمۇ خوش ياقمىدى. ھويلىغا كىرىپ، باراڭنىڭ ئاستىدا ياتتى.

ھازىر بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئەركىننىڭ ئاتا - ئانىسى ئېنىق بىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇن - تىنسىز خىرتىلداپ يىغلاش ئارقىلىق خورمىنى يېگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ئىدى...

— سەن قىزىل گالستۇك تاقىغان ئوبدان بالا تۇرۇپ، مۇشۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلدىڭمۇ؟ مەن بۇ خورمىنى سىلەرگە بېرىمەن دەپ ئېلىپ كەلگەن ئەمەسمىدىم؟ ئۆز ئۆيىدىكى نەرسىنى ئۆزى ئوغرىلاپ يېسە بولامدۇ؟ — دېدى ئاپىسى سەل خاپا بولۇپ.

دادىسىمۇ ئۇنىڭغا چىرايلىق نەسىھەت قىلماقچى بولدى-يۇ، بىراق بىرىنچىدىن، ئوغلى ھازىر ئۆز گۇناھىدىن خىجىل بولۇپ، ئاتا - ئانىسىغا قارىيالمايۋاتىدۇ; ئىككىنچىدىن، بىر يېرىم كىلو خورمىنى بىراقلا يەۋېتىپتۇ، ئۇ تېخى سىڭمەي بىئارام قىلىشى مۇمكىن، ئاۋال ساقايسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن نەسىھەت قىلساممۇ ئۈلگۈرىمەن، دەپ ئويلاپ گەپ قىلمىدى. ئاتا - ئانىسى كېچىچە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۇخلىيالمىدى، ئەگەر ئەركىن يېگەنلىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئەتىسى ياخشى بولۇپ قالغان بولسا، ئىش ئوڭايراق تۈگىگەنمۇ بولاتتى، لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە چاتاقنىڭ چوڭى ئەتىسى چىقتى! تاڭ سۈزۈلەرگە يېقىن ئەمدىلا ئۇيقۇغا كەتكەن مەريەمخان ئەركىننىڭ يىغىسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— ئەركىن، نىمە بولدۇڭ بالام؟

— قو - قو - قوسىقىم ئاغرىپ كەتتى، — ئەركىن شۇ سۆزنى قىلىپلا ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچى سۈرۈپ كەتكەن





ئىدى. شۇندىن كېيىن ئويدىكىلەرنىڭ ئويقۇسى بۇزۇلدى. چاي ۋاقتىغىچە ئەركىن توختىماي 10 نەچچە قېتىم تەرەتخانىغا يۇگۇردى، ھەتتا قۇسۇپ ھالىدىن كەتتى. قورقۇپ كەتكەن ئاتا - ئانا چايمۇ ئىچمەي ئۇنى كوتىرىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى.

دوختۇرلار جىددى تەكشۇرۇش ئارقىلىق خورمىنى ئادەتتىن تاشقىرى كوپ يەۋەتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياخشى تازىلانمىغان خورما بولغاچقا، زەھەرلەنگەن، دىگەن خۇلاسىنى چىقىرىپ، دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالاشنى قارار قىلدى. قادىر ئاكا بىلەن مەريەمخانىنىڭ بېشىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. دوختۇرلار قۇتقۇزۇش ئوكۇللىرىنى سېلىپ جىددى داۋالاشقا باشلىدى ...

ئەركىننىڭ ئۇشتۇمتۇت دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى ئۇققان مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ دوختۇرخانىغا يېتىپ كېلىشتى. ئەركىننىڭ ئويلا ماي قىلىپ قويغان بۇ قاملاشمىغان ئىشى، ئۇنىڭ ئوزىنىلا ئەمەس، پۇتۇن ئائىلىسىنى، ساۋاقداشلىرىنى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ ئاۋارە قىلغان ئىدى.

ئەركىن دوختۇرلارنىڭ كوڭۇل قويۇپ، جىددى داۋالىشى ئارقىسىدا قۇتقۇزۇۋېلىندى. 4 كۇندىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا بۇندىن كېيىن مۇنداق ئەسكى ئىشنى قىلماسلىق توغرىسىدا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدى، لېكىن ئۇلار نەسىھەت قىلمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى ھازىر ئەركىن گەپ قىلمىغىنى بىلەن كوڭلىدە ئوزىنى - ئوزى قاتتىق ئەيىپلىمەكتە ئىدى. ھەرگىزمۇ مۇنداق بولمىغۇر ئىشنى قىلمايمەن، دىگەن يەرگە كېلىپ، ئېچىنغان ھالدا قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتاتتى...

1981 - يىل ماي. ئۇرۇمچى



# ئۇقۇشماسلىق

(ئىلمىي چوچەك)

كۇنلەردىن بىر كۇنى تېيىن ئوزۇق ئىزلەپ دەريا بويىدىكى بوكلىمە بىر ئورمانلىققا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە راسا پىشىپ مەي باغلاپ كەتكەن ياۋا ئالمىلار ناھايىتى كوپ ئىدى. بۇلارنى كورۇپ، خوشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن تېيىن لىككىدە سەكرەپ ئالما دەرىخى ئۇستىگە چىقىۋالدى - دە، ھوزۇرلىنىپ ئالما يېيىشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا قاياقتىندۇ بىر ئالا مۇشۇك يېتىپ كېلىپ، ئوزىچە تېيىننى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى:

— ھەي، سۇپۇرگە قۇيرۇق ئاغىنە، سېنىڭ قۇيرۇغۇڭ نىمە ئانچە سەت؟

تېيىن يەردە كوزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتقان ئالا مۇشۇككە قاراپ ئالىيىپ قويۇپ:

— قۇيرۇغۇمنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەن سېنىڭ نىمە كارىڭ! سېنى بىرسى سوراقچى قويمىغاندىن كېيىن يولۇڭغا مېڭىۋەرمەمسەن! — دىدى، لېكىن ئالا مۇشۇك ئۇنى قىلچە كوزگە ئىلمىغاندەك يەنىلا مەسخىرە بىلەن كۇلۇپ قويۇپ:

— «ئوزى مۇشتەك، قۇيرۇغى نوغۇچتەك» دىگەن شۇ - دە! بۇنچە پالاكەت، سورەلمە قۇيرۇقنىڭ نىمە پايدىسى؟ — دەپ غودۇڭشىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۆزەڭگە باقماي تېخى مېنى زاڭلىق قىلۋاتامسەن پال - پال كوز! — دېدى تىيىنمۇ بوش كەلمەي، — ئاۋۇ دىڭگىيىپ تۇرغان سەت بۇرۇتۇڭغا قاراپ باقمىنا، نېمە دېگەن كۈلكىلىك!

ئالا مۇشۇك ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كورىدىغان بۇرۇتىغا تىل تەككۈزۈۋاتقان تىيىنگە غەزەپ بىلەن ھومايدى - دە:

— ھەي، سۆپۈرگە قۇيرۇق، مېنىڭ ئۇزۇن بۇرۇتۇم ساڭا نېمىگە پۇتلاشتى! تولا كاپشىماي ئالمىڭنى تېرىپ يېگىنە! — دەپ ۋاقىرىدى.

— ۋاھ، ئۇنداق بولسا مېنىڭ قۇيرۇغۇم سېنىڭ نەرىڭگە تاقاشتى؟ سەن مېنى زاڭلىق قىلساڭ بولىدىكەن - نۇ، سېنى زاڭلىق قىلىشقا بولمامدىكەن! سەنمۇ تولا كاپشىماي يولۇڭغا ماڭ! ھېلى بىكار...

— ھە، نېمە دەيسەن؟ قېنى، نوچى بولساڭ دەرەختىن چۈشكىنە، سۆپۈرگە قۇيرۇغۇڭنى ئۈزۈپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويمىسام مۇشۇك بولماي كېتەي!

— تولا يوغان سۆزلىمە سىم بۇرۇت!

بۇلار شۇ تەرىقىدە ھە دەپ تاكاللىشىۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت بىر كىرپە كېلىپ قالدى - دە:

— بۇرادەرلەر، نېمە بولۇشتۇڭلار، ھەر قانچە گەپ بولسىمۇ ۋاقىراشماي چىرايلىق سۆزلەشمەمسىلەر، — دەپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى.

— كېلىڭ كىرپە ئاكا، نېمە بولاتتۇق دەيسىز، — دەپ ھال ئېيتىشقا باشلىدى تىيىن ئالما دەرىخى ئۈستىدە تۇرۇپ، — قارىماسىز، ماۋۇ ئالا مۇشۇك بىكاردىن - بىكارلا مېنى سۆپۈرگە قۇيرۇق دەپ مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ.



— سەنمۇ مېنىڭ بۇرۇتۇمنى زاڭلىق قىلماقچىمۇ؟ — دەپ ۋاقىردى ئالا مۇشۇك.

— ئالدى بىلەن زاڭلىق قىلغان سەنمۇ، مەنمۇ؟

— بولدى - بولدى، قويۇڭلار، — دېدى كىرپە ۋە ئۇچلۇق تۇمشۇغىنى سوزۇپ، بىردە تىيىننىڭ قۇيرۇغىغا، بىردە ئالامۇشۇكنىڭ بۇرۇتىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئىلگىرى مەن راستىنلا سىلەرگە ئانچە سەپسالمىغان ئىكەنمەن. تىيىن ئاداش، دىمىسىمۇ سېنىڭ قۇيرۇغۇڭ بەكمۇ كېلەڭسىز، بەكمۇ سەت ئىكەن. ئالا مۇشۇك ئاداش سېنىڭ بۇرۇتۇڭمۇ ئۆزەڭگە زادىلا ياراشماپتۇ. مانا ماڭا قاراڭلار، مەندە ئۇنداق ئۇزۇن قۇيرۇقمۇ، دىڭگىيىپ تۇرىدىغان سەت بۇرۇتمۇ يوق!

«ماڭا بولۇشۇپ بېرىدىغۇ» دەپ ئويلاپ تۇرغان ئالا مۇشۇك كىرپىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاپا بولۇپ كەتتى - دە:

— ھەي، تىكەنلىك ئاخماق! سەن قانچىلىك چىرايلىق نېمە ئىدىڭ، ئىزا تارتماي سەنمۇ مېنىڭ بۇرۇتۇمنى زاڭلىق قىلۋاتامسىنا! — دەپ ۋاقىراپ كەتتى. تىيىنمۇ دەرەختىن سەكرەپ چۈشۈپ:

— سەنمۇ تازا تىكەنلىك دوت ئىكەنسەن! ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلماي، سەنمۇ مېنىڭ قۇيرۇغۇمنى مەسخىرە قىلىۋاتىسەنغۇ! — دەپ كىرپىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ۋاھ، ئىككىڭ ئەجەپ مېنىڭ تىكىنىمنى چىشلەپ تارتىشىپ كەتتىڭغۇ، مېنىڭ تىكىنىم سەنلەرنىڭ قەيىرىڭگە سانچىلىپ كەتتى!

شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچى بىر - بىرىگە زادىلا گەپ بەرمەي خېلى ئۇزۇن تاكاللاشتى، جېدەل بارا - بارا يوغىناپ، بوغۇشۇپ كېتىشكە قىل قالدى - دە، ئاخىرى بولماي ئەرز قىلىش ئۈچۈن بىر - بىرىنى سورىشىپ سوتقا قاراپ مېڭىشتى.

سوت مەھكىمىسى مۇشۇ ئورمانلىقنىڭ خېلى ئىچكىرىسىدە ئىدى. بۇلار يەنە يول بويى تاكاللىشىپ ماڭدى. غەزەپتىن مۇشۇكنىڭ ئۇزۇن بۇرۇتلىرى دىر - دىر تىترەيتتى. تىيىننىڭ كوزلىرى غەلىتە چەكچىيىپ كەتكەن ئىدى. كىرپىنىڭ تۇمشۇغى تېخىمۇ ئۇزىراپ، تىكەنلىرى دىڭگىيىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇلار سوت مەھكىمىسىگە كىرىپ كېلىشكەندە قانداقتۇ بىر ماتېرىيالنى ئوقۇپ ئولتۇرغان باش سودىيە قۇلان بېشىنى كوتىرىپ قاراپ قويدى - دە، ماتېرىيالنى تاشلاپ قويۇپ:

— خوش، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— ھورمەتلىك سودىيە ئەپەندىم، — دەپ ھاسىراپ تۇرۇپ ئەرز ئېيتىشقا باشلىدى تىيىن، — ماۋۇ ئالا مۇشۇك بىكاردىن-بىكار مېنى سۇپۇرگە قۇيرۇق دەپ مەسخىرە قىلدى. بۇ تازىمۇ يولسىزلىق ئەمەسمۇ؟!

— ئالا مۇشۇك، راست شۇنداق قىلدىڭمۇ؟

— راست ئەپەندىم، لېكىن ئۇمۇ مېنى زاڭلىق قىلدى. مېنىڭ ئەڭ ياخشى كورىدىغان بۇرۇتۇمنى زاڭلىق قىلدى.

— كىرپە، سەنچۇ؟

— بۇ ھەر ئىككىمىزنى زاڭلىق قىلدى، — دېدى ئالا مۇشۇك ئالدىراپ كېتىپ.

— سىلەرمۇ مېنى تىكەنلىك ئاخماق، دوت دېدىڭلارغۇ!

— بولدى، بەس! بۇ يەر قالايمىقان تاكاللىشىدىغان ئورۇن ئەمەس! — سودىيە قۇلان ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى ۋە بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ سوزىنى داۋام قىلدى، — بىر - بىرىڭلارنى ئورۇنسىز زاڭلىق قىلغىنىڭلارغا قارىغاندا، بۇ يەردە بىر ئوقۇشماسلىق بولغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا مەن سىلەردىن سوئال سورايمەن،



سەمىمى، راستچىللىق بىلەن جاۋاپ بېرىشىڭلار كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا مەسىلە ئوبدان ھەل بولىدۇ. ئالدى بىلەن تىيىن، قېنى سەن ئېيتىپ باققىنچۇ، سېنىڭ قۇيرۇغۇڭ زادى نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن، ئۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟

— پايدىسى بولمايدىغان ئەپەندىم، — دەپ سوزلەشكە باشلىدى تىيىن، — مەن مۇشۇ ئۇزۇن قۇيرۇغۇم بولغاچقىلا دەرەخلەر ئۈستىدە بىمالال يۈگۈرۈپ يۈرەلەيمەن، يىقىلىپ كېتىشتىن قورقمايمەن. دەرەخلەردىن يەرگە سەكرىگەندىمۇ مۇشۇ قۇيرۇغۇمنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز تەڭپۇڭلۇغۇمنى ساقلاپ قالالايمەن - دە، يەرگە قاتتىق چۈشۈپ كەتمەيمەن. قىسقىسى، مېنىڭ قۇيرۇغۇمنى خۇددى پاراشوتقا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. پاراشوتچىلار ئايروپىلاندىن سەكرىگەندە ئاشۇ پاراشوتنىڭ ياردىمى بىلەن يەرگە لەرزان چۈشىدۇ ئەمەسمۇ!

تىيىننىڭ بۇ سوزلىرىنى ئاڭلاپ، ئالا مۇشۇك بىلەن كىرپە ئۈنسىز بىر - بىرىگە قارىشىپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشتى.

— خوش، يەنىچۇ؟ — دەپ سورىدى قۇلان.

— يەنە پايدىسى ناھايىتى كوپ، مەسىلەن، ھەر قانداق جانىۋار ئۇخلاش ۋاقتىدا يۇمشاق يەرنى ئىزلەپ ياتىدۇ، لېكىن مەن يۇمشاق يەرنى ئىزلەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيمەن. مۇشۇ ئۇزۇن قۇيرۇغۇم مەن ئۈچۈن ماموقتىنمۇ ئىسسىق كورپە بولالايدۇ. ئاخشىمى ئۇخلىغاندا قۇيرۇغۇمنى ئاستىمغا يوگەپ كورپە قىلىمەن - دە، راھەتلىنىپ ئۇخلايمەن.

— ئەمدى مۇشۇك، سەن ئېيتقىنا، — دېدى قۇلان ئالا مۇشۇككە قاراپ، — سېنىڭ بۇرۇتۇڭ نېمە ئانچە ئۇزۇن، قىسقىراق قويساڭ بولمامدۇ؟

— يوقسۇ ئەپەندىم، مەن بۇرۇتۇمنى ھەرگىزمۇ قىسقا قويالاي-

www.uyghurkitap.com

مەن. چۈنكى مەن كېچىسى چاشقان تۇتىمەن. قاپ - قاراڭغۇ كېچىلەردە تام توشۇكلىرىدىن ئىتتىك ئۆتۈشكە، چاشقان توشۇكلىرىگە كىرىشكە توغرا كېلىدۇ. توشۇكلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى، كەڭ - تارلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ توشۇككە ئۆزەمنى ئۇرغان بىلەن يا ئۆتۈپ كېتەلمەي، يا كەينىمگە يانالماي قاپلىشىپ قالسام چاتاقنىڭ چوڭى چىقمامدۇ؟ مېنىڭ مۇشۇ بۇرۇتۇم مېنى مۇشۇنداق خەتەرلەردىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، بىرەر توشۇككە بېشىمنى تىققاندا توشۇكنىڭ گىرۋەكلىرىگە بۇرۇتۇم تاقاشمىسىلا چاتاق چىقمايدۇ. ئەگەر بۇرۇتۇم تاقاشسا، ھەرگىزمۇ قارىملىق قىلىپ ئۆزەمنى ئۇرمايمەن...

— بۇنىڭدىن قارىغاندا، — دەپ سۆز قىستۇردى قۇلان كۈلۈپ قويۇپ، — بۇرۇتۇڭنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بەدىنىڭنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق ئەپەندىم، — ئالا مۇشۇك بەك مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈپ جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى، — بۇرۇتۇم تاقاشمىغانلا يەرگە ئۆزەممۇ گەپ يوق پاتىمەن، دېمەك بۇرۇتۇم مېنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچىگۈچى قورالىم!

تېيىن بىلەن كىرپە مۇشۇكنىڭ شۇنچە مۇھىم بۇرۇتىنى زاڭلىق قىلىشقىنى ئۈچۈن خىجىل بولغاندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدى.

— ھە كىرپەجان، تىكىنىڭنىڭ نېمە رولى بارلىقىنى سۆزلەپ باققىن، ئاڭلاپ باقايلى!

— سودىيە ئەپەندىم، — دەپ بوم ئاۋازى بىلەن جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى كىرپە، — بەدىنىمدىكى بۇ تىكەنلەر باشقىلارغا سەت كۆرۈنۈشى مۇمكىن، لېكىن مەن ئۈچۈن ئۇ ئالتۇندىن قىممەت، كەم بولسا بولمايدىغان قورالىم. نېمە ئۈچۈن دېسەڭلار، مەن مۇشۇ تىكىنىم بولغاچقىلا شىر، يولۋاس، بۆرە قاتارلىق



ھەر قانداق دۈشمەندىن قورقمايمەن. ئاسادىپى ئۇلار ئۇچراپ قالغاندا بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ بىرلا تۈگۈلۈۋالىمەن - دە، مېنى يېمەكچى بولغان دۈشمەننىڭ ئاغزى - بۇرنى قانغا بويىلىدۇ. مۇشۇ تىكىنىم بولغاچقا، يىلاننىمۇ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇپ يېيەلەيمەن.

— يىلاننى قانداق تۇتىسەن؟ — قىزىقىپ سورىدى قۇلان.

— ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ قۇيرۇغىنى چىشلەپ قويىمەن - دە، دەرھال بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ يېتىۋالىمەن. غەزەپلەنگەن يىلان ماڭا ئۆزىنى بىرلا ئۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى جايىدىلا تىكىنىمگە سانچىلىپ قالىدۇ. مەن ئاستا بېشىمنى چىقىرىپ ئۇنى دوزۇر قىلىپ يېگىلى تۇرىمەن.

— يەنە قانداق پايدىسى بار؟

— تىكىنىمنىڭ پايدىسى مۇشۇلا ئەمەس، يەنە مىسال قىلسام ھەممە جانىۋارلار سىرتقا چىقىپ ئوزۇقلىنىدۇ، لېكىن كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ قوسىقىنى تويغۇزۇپلا بالىلىرىغا بىر نەرسە ئالغاچ كېتەلمەيدۇ. مەن ئۇنداق ئەمەس، ياۋا مېۋە - چېۋىلەر، ئۆزۈم قاتارلىقلار بولسۇن، قوسىقىمنى راسا تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن يەردىكى مېۋە - چېۋىلەر ئۈستىدە بىرلا دومىلايمەن. مېۋىلەر تىكىنىمگە سانچىلىپ دۈمبەمگە چىقىدۇ. بالىلىرىمغا كۆتىرىپ كېتىۋېرىمەن. قىسقىسى، مۇشۇ تىكىنىم بولمىغان بولسا، ھايات كەچۈرۈشۈم ناھايىتى تەس بولغان بولاتتى.

مۇشۇك بىلەن تېيىنمۇ كىرپىنى ئورۇنسىز مەسخىرە قىلغانلىقىنى سېزىشىپ قىزىرىپ كېتىشتى.

— خوش، — دېدى سودىيە قۇلان بۇلارغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، — بىر - بىرىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ!

— ئاڭلىدۇق.

— ئۇنداقتا! بىر - بىرىڭلارنىڭ قۇيرۇغىنى، بۇرۇتىنى، تىكەنىنى مەسخىرە قىلغىنىڭلار توغرا ئىش بولۇپتىمۇ؟

— بىز ھەقىقەتەن بىر - بىرىمىزنى ئوبدان چۈشەنمەپتۇق. مەن ئەمدى دوستۇم مۈشۈكنى، كىرپىجاننى ھەرگىزمۇ مەسخىرە قىلمايمەن، — دېدى تىيىن.

— سىنىڭ ئالدىڭدا مەن بەك خىجىل دوستۇم، — دېدى ئالا مۈشۈك تىيىنغا قاراپ، — ھەممە جىدەلنى باشلىغان مەن. سىنىڭ قۇيرۇغۇڭنىڭ بۇنچىلىك مۇھىم رولى بارلىقىنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن دوستۇم!

— مېنى كەچۈرۈڭلار ئاغىنىلەر، خاتا قىلىپتىمەن، — دېدى كىرپە.

— شۇنداق قىلىپ ئەمدى مەسىلە ئايدىڭلاشتى، — دېدى سودىيە قۇلان كۈلۈپ قويۇپ، — پوزىتسىيەڭلارمۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇندىن كېيىن شۇنى بىلىۋېلىڭلاركى، مەيلى ئادەم، مەيلى ھايۋان بولسۇن ئۇلارنىڭ تېنىدىكى بارلىق ئەزالىرىنىڭ (سەت ياكى چىرايلىق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر) ئۆزىگە يارىشا رولى بار. مېنىڭ بەدىنىم نىمە ئۈچۈن ئالا - تاغىل، بۇنى بىلەمسىلەر؟

ئۈچىلىسى جاۋاپ بېرەلمەي بىر - بىرسىگە قاراشتى.

— بىلىۋېلىڭلار، — دېدى قۇلان سوزىنى داۋام قىلىپ، — بەدىنىم مۇشۇنداق ئالا - تاغىل بولغاچقىلا دۈشمەندىن ئۆزەمنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلالايمەن. دىمەك مېنىڭ رەڭگىم ئۆزەم ياشاۋاتقان ئورمانلىقتا ماسلاشقان. دۈشمەن كەلگەن ھامان دەرەخنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، قىمىرلىماي تۇرۇۋالىمەن - دە، يېنىمدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان دۈشمەنمۇ كورەلمەي قالىدۇ.

— ۋاھ، بۇمۇ قالتىس ئىش ئىكەن - ھە! — دېيىشتى 3ى كۈلۈشۈپ كېتىپ.

— قۇشلارمۇ قانات - قۇيرۇقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇچا-



لايدۇ. ئات - كالىلارمۇ ئۇزۇن قۇيرۇغى بولمىسا تېز يۈگۈرەلمەيدۇ، شۇنداقلا پاشا، چىۋىنلەرنى قورۇيالمايدۇ. يولۋاسنى ئالساق، قۇيرۇغىنى كالتەك ئورنىدا ئىشلىتىپ ئوز رەقىبىگە قارشى جەڭ قىلىدۇ. ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق مايمۇنلار تېخىمۇ قىزىق. ئۇلار دۈشمەندىن ئوزىنى قوغداش ئۈچۈن دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇخلايدۇ. يەرگە يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇزۇن قۇيرۇغىنى دەرەخ شاخلىرىغا مەھكەم يوگىۋالىدۇ... ئەمدى چۈشەندىڭلارمۇ؟

— چۈشەندۇق.

— بۇندىن كېيىن بىر - بىرىڭلارنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئالدىراپلا مەسخىرە قىلماڭلار!

— رەھمەت سودىيە ئەپەندىم. بىز بۈگۈن خېلى كوپ نەرسىلەرنى چۈشىنىۋالدۇق، بىر - بىرىمىز ھەقىقەتەن ھېچنىمە بىلمەيدىكەنمىز، — دېيىشتى ئۇلار تەسىرلىنىپ ۋە سوت مەھكىمىسىدىن خۇشال چىقىپ كېتىشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئوتۇشتى.

1981 - يىل ئىيۇل. ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# 春 苗

•

（维吾尔文）
艾海提·阿西木著
责任编辑：贺加克
责任校对：伊布拉音
新疆青年出版社出版
新疆新华书店发行
新疆伊宁市印刷厂印刷
787×1092毫米1/32开本　印张3.25
1983年9月第1版　1983年9月第1次印刷
印数：1—6,300
统一书号：MR10124·41　定价：0.22元

清

一

مۇقاۋا ۋە رەسىملەرنى جالالىدىن بەھرام ئىشلىگەن.

نومۇرى: 41·10124MR 书号

باھاسى: 0.22 定价：